ئەسەرلەر گۈلىستانى

# يىڭنە قىلغاننى نەيزە قىلالماس

(كەلىلە ۋە دىمنە)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورى ئادرېسى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# يىگىنە قىلغاننى نەيزە قىلالماس

(كەلىلە ۋە دىمنە)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: مەمەتئېلى جاپپار
ئابدۇمجىت سىراجى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

针能做的长矛不能做：尺有所短，寸有所长：维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-768-9

I. 针… II. 阿… III. 维吾尔族—谚语—汇编—中国—维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024508 号

从书名　经典之花系列丛书
本册书名　针能做的长矛不能做
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　麦麦提艾力·加怕尔　　阿卜杜麦吉提·斯拉吉
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊

出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社

地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3.125
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-768-9
定　　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: يىڭنە قىلغاننى نەيزە قىلالماس
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: مەمەتئېلى جاپپار    ئابدۇمىجىت سىراجى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر    1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-768-9
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «يىگىنە قىلغاننى نەيزە قىلالماس» دېگەن كىتابتا شەرق دۇنياسىغا مەشھۇر بولغان بۈيۈك ئەسەر «كەلىلە ۋە دىمنە» دىكى تەربىيەتلىك مەزمۇنلار ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

# نادىر مەسەل ـ چۆچەكلەر خەزىنىسى «كەلىلە ۋە دىمنە»[1]

مۇھەممەدتۇرسۇن تۇردى

«كەلىلە ۋە دىمنە» پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى مەسەل ـ چۆچەك ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن زور ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ مۇشۇ نام بىلەن دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئۇزۇندىن بۇيان تونۇشلۇق بولۇپ كەلدى. مىلادىيە 1717 ـ يىلى موللا مۇھەممەد تۆمۈر بۇ كىتابنى پارس تىلىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغاندىن بۇيان ئۇنىڭدىكى كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە قىزىقارلىق مەسەل ـ چۆچەكلەر خەلقىمىزگە ئىجابىي مەنىۋى ئوزۇق بېرىپ، ئەدەبىيات گۈلزارىمىزغا يېڭى ھۆسن قوشتى. 1984 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نىمەتۇللا ئەبەيدۇللاخان ھاجىم بۇ كىتابنىڭ موللا مۇھەممەد تۆمۈر نۇسخىسى ئاساسىدا ئىشلىگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى نەشر قىلغاندىن بۇيان، كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ ئەسەر بىلەن تېخىمۇ كەڭ تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن، گۈزەل تىل ۋاستىسى بىلەن يارىتىلغان يارقىن بەدىئىي ئوبرازلار ۋە پەلسەپىۋىلىككە باي ھېكمەتلەر كىشىلەرنى مەھلىيا قىلدى. كىتابنىڭ 2006 ـ يىلى

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن ئېلىندى.

قايتا نەشر قىلىنغانلىقى يەنە بىر زور خۇشاللىق ئىش بولدى. ئۇ گەرچە بىر تەرجىمە ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن خەلقىمىز ئىچىگە كەڭ تارقالغانلىقى، تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بولۇپمۇ تەرجىمانلىرىنىڭ پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى سەۋەبلىك ئۇنى ئەدەبىيات تارىخىمىزغا مەنسۇپ مۇھىم ئەدەبىي يادىكارلىق دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش بىزنىڭ بۇ ئەسەر ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغىلا ئەمەس، بەلكى يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بەزى ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغىمۇ پايدىلىق.

## ئەسەرنىڭ مەنبەلىرى

ئەسەرنىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىسى ئارىلاشما مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى، ئۇ مىلادىيە 6 - ئەسىردىن 18 - ئەسىرگىچە قولدىن قولغا ئۆتۈش، تىلدىن تىلغا تەرجىمە قىلىنىش ۋە ئۈزلۈكسىز ئىجادىي بېيىتىش نەتىجىسىدە ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ مەنبەلىرىمۇ بىرقەدەر مۇرەككەپ. ئەمما، قەدىمكى ھىندىستاننىڭ مەشھۇر مەسەل - چۆچەكلەر توپلىمى «بەشنامە» بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر پارس خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ئۇنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «بەشنامە» قەدىمكى ھىندىستان خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈرلۈك ھايۋانات پېرسوناژلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان قىزىقارلىق مەسەل - چۆچەكلەر ئارقىلىق ئەينى دەۋر رېئاللىقىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى سىزىپ بېرىلگەن. كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئۇنى قەدىمكى ھىندى ھەكىملىرىدىن ۋىسنۇسارمان (Visnusarman) پادىشاھ ئاماراساكتى (Amarasakti) نىڭ ئۈچ نەپەر دۆت ئوغلىنى ئەقىللىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يازغانىكەن. قەدىمكى ھىندىستاندا بۇ كىتابنىڭ

تۆت خىل نۇسخىسى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە «كەشمىر نۇسخىسى» ئەڭ قەدىمىي نۇسخا بولۇپ، مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن بۇرۇن كىتاب ھالىتىگە كەلگەن. 1199 ـ يىلى بۇنابخادرا (Bunabhadra) ئىسىملىك براھمان ۋەزىر سوما (soma) نىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىلگىرىكى نۇسخىلار ئاساسىدا بۇ كىتابنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى ئىشلەپ چىققان. جى شيەنلىن ئەپەندى 1959 ـ يىلى مۇشۇ نۇسخىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغانىدى. «بەشنامە» مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىلا پارسلارغا يېتىپ بارغان. شۇ چاغدا ئىران شاھلىرىدىن خۇسرەۋ نۇشىرۋان (531 — 579 ـ يىللىرىچە تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ بۇيرۇقى بويىچە تېۋىپ بەرزۇيە بۇ كىتابنىڭ ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا تارقالغان نۇسخىسىنى قەدىمكى پارس تىلى — پەھلىۋى تىلىغا تەرجىمە قىلغان. فىردەۋسى «شاھنامە» نىڭ «خۇسرەۋ پەرۋىز ۋە شېرىن داستانى» دېگەن قىسمىدا تىلغا ئالغان «كەلىلە» كىتابى مۇشۇ نۇسخىنى كۆرسەتسە كېرەك. 570 ـ يىلى ئەتراپىدا سۇرىيىلىك بۇد (Bud) ئىسىملىك ئەدىب بۇ كىتابنى پەھلىۋى تىلىدىن قەدىمكى سۇرىيە تىلىغا تەرجىمە قىلغان ھەمدە كىتابنى «بەشنامە» دىكى كاراتاكا (Karataka) ۋە داماناكا (Damanaka) دېگەن ئىككى چىلبۆرە باش قەھرىماننىڭ ئىسمىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «كەلىلە ۋە دېمنە» دەپ ئاتىغان. بۇ نۇسخىنىڭ ئەينى چاغدىلا نۇرغۇن جايلىرى زايا بولۇپ كەتكەن. 750 ـ يىلى ئەتراپىدا ئەبۇل ھەسەن ئابدۇللا ئىبنى ئەلى مۇقەففا (724 — 759) بۇ كىتابنى پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان. مۇقەففا تەرجىمە جەريانىدا ئىجادىي يول تۇتۇپ، بەزى يېڭى مەزمۇنلارنى قوشقان ھەمدە كىتابنى ئوخشاشلا «كەلىلە ۋە دېمنە» دەپ ئاتىغان. 1442 ـ يىلى نەسرۇللا ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھەمىد ئەبۇل مەئالى بۇ كىتابنى مۇقەففانىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدىن پارس تىلىغا قايتا تەرجىمە قىلغان. كېيىن مەۋلانا ھۇسەيىن (ۋائىز كاشىفى) كىتابنى ئەبۇل مەئالى نۇسخىسى ئاساسىدا پارس تىلى بىلەن قايتىدىن چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىشلەپ چىققان. بۇ نۇسخىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە

تىلى گۈزەل بولۇپ، موللا مۇھەممەد تۆمۈرنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى مۇشۇ نۇسخا ئاساسىدا ئىشلەنگەنىدى. «بەشنامە» نىڭ 6 - ئەسىردە تېۋىپ بەرزۇيە ئاساسلانغان سانسكرىتچە نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن. بۇ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخا بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى مەسەل - چۆچەكلەر سان جەھەتتىن نىسبەتەن ئاز بولۇپ، كۆپىنچىسى ھايۋانات چۆچەكلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. «كەلىلە ۋە دىمنە» نىڭ 1934 - يىلى قاھىرە مۇستافا مۇھەممەد نەشرىياتى نەشر قىلغان مۇتەففا نۇسخىسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن خەنزۇچە تەرجىمىسى بىلەن «بەشنامە» نىڭ جى شيەنلىن ئەپەندى سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بارلىقىنى كۆرىمىز. جى شيەنلىن ئاساسلانغان نۇسخا 12 - ئەسىردىكى تولۇقلانغان نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭدا بەش غول ھېكايە ئىچىدە 78 مەسەل - چۆچەك بار. «كەلىلە ۋە دىمنە» نىڭ مۇقەففا نۇسخىسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن خەنزۇچە نۇسخىسىدا 15 كىچىك ماۋزۇ ئاستىدا 42 چۆچەك بار. بۇنىڭدا «بەشنامە» نىڭ يۇقىرىقى نۇسخىسىدىكى خېلى كۆپ چۆچەكلەر ئەينەن ساقلانغاندىن سىرت، يەنە بەزى پارس چۆچەكلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن مۇقەففانىڭ تەرجىمە جەريانىدا بەزى مەسەل - چۆچەكلەرنى قوشقانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. «كەلىلە ۋە دىمنە» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا 14 باب ئىچىدە 103 مەسەل - چۆچەك بار. بۇلارنىڭ بىر قىسمى «بەشنامە» دىكى ۋە مۇقەففانىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدىكى چۆچەكلەر، يەنە بىر قىسمى بولسا ئەبۇل مەئالى بىلەن مەۋلانا ھۇسەيىن تەرجىمە قىلىش ۋە قايتا ئىشلەش جەريانىدا يېڭىدىن قوشقان پارس چۆچەكلىرىدۇر.

## ئەبۇل ھەسەن ئابدۇللا مۇقەففا ھەققىدە

مۇقەففا 724 - يىلى ئەينى ۋاقىتتىكى پېرسىيىنىڭ زول شەھىرىدە، يەنى ھازىرقى فىرۇزئابادتا تۇغۇلغان، بالىلىق چاغلىرى

www.uyghurkitap.com

پېرسىيىدە ئۆتكەن، كېيىن بەسرەگە كەلگەن. ئۇ ئاتەشپەرەس ئىدى. ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ھاياتى ئۇمەييە دەۋرى (661 – 750) دە باشلانغان، ئابباسىيلار ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، ئاھۋاز ۋالىيسى ئىيسا بىننى ئەلىنىڭ قولىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن ھەمدە ئىسلامغا بەيئەت قىلغان، ئۇ خەلىپە مەنسۇرنىڭ تاغىسى ئابدۇللا بىننى ئەلى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن قوللارنى ئازاد قىلىش ھەققىدىكى كاپالەتنامىدە كۈچلۈك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، مەنسۇرنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈن، مۇقەففادىن نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان بەسرە ۋالىيسى سۇفۇيا 759 - يىلى ئۇنى چاقىرتىپ تېنىنى پارچىلاپ ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەن.

مۇقەففا 35 يىللىق ھاياتىدا ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەرۋىلەرگە سالغان زۇلۇملىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئۇ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ساسانىيلارنىڭ سەلتەنىتىنى ئاببasىيلارغا بىلدۈرمەكچى ۋە مەۋجۇت تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلماقچى بولغان. ئۇ «كەلىلە ۋە دىمنە» دىن باشقا يەنە «شاھنامە» نىڭ مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولغان «خۇدايىنامە»، پارس ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيىتى مەزمۇن قىلىنغان «ئايىننامە»، خۇسرەۋ نۇشىرۋاننىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت «تاجنامە»، دانىشمەنلەر تەزكىرىسى «مازداك» قاتارلىق پارسچە ئەسەرلەرنى، ئارىستوتېلنىڭ پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان «كاتېگورىيە»، «ئىستىلىستىكا» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى، پورفىلىنىڭ «ئىساغوجى» (لوگىكىغا مۇقەددىمە) دېگەن ئەسىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان، «ۋەزىرلەر ھەققىدە كىتاب»، «ئەدەپنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلىدا يېزىپ تاماملىغان. مۇقەففا ئۆزىنىڭ مول ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئابباسىيلار دەۋرىدىكى شەرق مەدەنىيىتى ئويغىنىش ھەرىكىتىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇپ، ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس بولۇپ قالغان. «كەلىلە ۋە دىمنە» گەرچە مۇقەففانىڭ تەرجىمە ئەسىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەرجىمە جەريانىدا ئىجادىي يول

تۇتقانلىقى ئۇچۇن ئەسەرنىڭ تۈرلۈك تىللاردىكى تەرجىمىسى ۋە قايتا ئىشلەنگەن نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاپتور سۈپىتىدە تونۇلغان.

## ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

«كەلىلە ۋە دىمنە» ئۆز سەھىپىلىرىدە شاھ دابشىلىم بىلەن بىدپاي ھەكىمنىڭ سۆھبىتىنى ۋاستە قىلىپ تەشكىللەنگەن بىر قاتار مەسەل ـ چۆچەكلەر ۋە ئۇلاردا يارىتىلغان روشەن خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتتىكى بىرمۇنچە رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتىن يارقىن ئەكس ئەتتۈرگەن.

قەدىمكى رىم مەسەلچىسى پېدرۇس: «ئېزىلگۈچى قۇللار ئۆزلىرىنىڭ ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمىغان ھېسسىياتلىرىنى مەسەل شەكلىدە ئىزھار قىلىپ، توقۇلما لەتىپىلەر ئارقىلىق ئەيىبلىنىشتىن ساقلانغان» دېگەنىدى. «كەلىلە ۋە دىمنە» مەسەلىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن ھالدا قۇلدارلىق ۋە فېئوداللىق تۈزۈم ئاستىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاشكارا ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمىغان ئاشۇ خىل ھېسسىياتلىرىنى ئىزھار قىلىپ بەرگەن. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ياخشىلىقنىڭ يامانلىق ئۈستىدىن ھامان غالىب كېلىدىغانلىقى ئەسەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭگەن تۈپ ئىدىيە بولۇپ، ئەسەردىكى بىر مۇقەددىمە ۋە مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئايرىلغان 14 باب ئىچىدىكى مەزمۇن جەھەتتە ئۆزئارا باغلىنىشلىق ھەم نىسبىي مۇستەقىللىققا ئىگە مەسەل ـ چۆچەكلەر بۇ تۈپ ئىدىيىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەنقىد قىلىش بىلەن مەدھىيىلەش، ئىنكار قىلىش بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تەڭ ئېتىبار بەرگەن ھەم يامانلىق، رەزىللىك، خۇنۇكلۇك ۋە ئۇنىڭ رېئاللىقتىكى ئىپادىسى بولغان تەمەخورلۇق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، ھەسەتخورلۇق، چېقىمچىلىق، يالغانچىلىق

www.uyghurkitap.com

قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئېلىنىپ ئىنكار قىلىنغان؛ سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، ئادىللىق ۋە ھەققانىيەت مەدھىيىلىنىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ خىل مەزمۇن ئەسەرنىڭ 1 ـ، 2 ـ بابلىرىدا نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن ئاق كۆڭۈل كەلىلە بىلەن بەتنىيەت دىمنەدىن ئىبارەت ئىككى چىلبۆرە پېرسوناژ ھەمدە دىمنەنىڭ كەلىلە سۆزلەپ بەرگەن ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرگە قۇلاق سالماي، نام ـ ئاتاق ۋە يۇقىرى مەرتىۋە ئېلىش ئۈچۈن شىر پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە بارغانلىقى، ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتى ئۈچۈن سەممىمىي، بىگۇناھ ئۆكۈزنى شىرغا چېقىشتۇرۇش يولى بىلەن ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ سۇيىقەستلىرى پاش بولۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت جانلىق ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. ئەسەردىكى «شاھ ئادىلنىڭ ھېكايىسى»، «تۈلكە بىلەن توشقان ۋە بۆرىنىڭ ھېكايىسى»، «قاغا بىلەن يىلان ۋە مولۇننىڭ ھېكايىسى» قاتارلىقلاردا، بولۇپمۇ «زالىم شىر بىلەن قاراقۇلاق ھېكايىسى» دە سۆزلەنگەن مېۋىلىك دەرەخنىڭ نالىسىگە قارىماي ئۇنىڭ يىلتىزىنى قىرقىغان چاشقاننىڭ يىلانغا، يىلاننىڭ كىرپىگە، كىرپىنىڭ تۈلكىگە، تۈلكىنىڭ ئىتقا، ئىتنىڭ يولۋاسقا يەم بولغانلىقى، يولۋاسنىڭ ئوۋچى ئوقىدا ئۆلگەنلىكى، ئوۋچىنى ئاتلىق كىشى ئۆلتۈرگەنلىكى، ئاتلىق كىشىنىڭ ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلگەنلىكىدەك ۋەقەلىكلەردە يۇقىرىقى مەزمۇنلار يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ھىيلە ـ مىكىر، سۇيىقەست، ھەسەتخورلۇق، قارا نىيەتلىكنىڭ شۇملۇق ۋە ھالاكەتتىن باشقا ئاقىۋەت بەرمەيدىغانلىقى، باشقىلارنى ھالاك قىلىشقا ھەرىكەت قىلغۇچىلارنىڭ ھامان ئۆز ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. ئەسەردىكى خېلى كۆپ مەسەل ـ چۆچەكلەردە دوستلار ئارا ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈش، قېيىنچىلىق، خەۋپ ـ خەتەر ئالدىدا ئۆزئارا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھ مەدھىيىلىنىپ، زوراۋانلىق، تاجاۋۇزچىلىق پاش قىلىنغان. ئىتتىپاق بولۇش، ئىناق ئۆتۈش

ئىنسـانىدكى گـۈزەل ئـەخلاق، شـۇنداقلا ئـەدەبىياتتىكى ئۆلمـەس تىمىلارنىڭ بىرى. ئەسـەردە بۇ تىما تۈرلۈك ھايۋانات ئوبرازلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق جانلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. مەسىلەن، «قاغا بىلەن چاشقان ۋە كەپتەرنىڭ ھېكايىسى» دە بىر توپ كەپتەر ئوۋچىنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالغاندا، بىر قېرى كەپتەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ھەممە كەپتەرلەر ئورتاق مەقسەتتە بىر نىشانغا قاراپ تۇزاقنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىدۇ، كېيىن چاشقاننىڭ تۇزاق يىپلىرىنى ئۈزۈۋېتىشى بىلەن كەپتەرلەر خەتەردىن قۇتۇلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان قاغا چاشقان بىلەن دوست بولىدۇ. ئاخىردا چاشقان، قاغا، تاشپاقا، كېيىك ۋە كەپتەرلەر ئۆزئارا دوست بولۇپ، جاپا - مۇشەققەت ۋە ھالاۋەتتە بىر - بىرىگە سادىق دوست بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق تىما قىلىنغان چۆچەكلەردە يەنە زۇلۇم ۋە خورلۇققا ئۇچرىغان ئاجىزلارنىڭ زىچ ھەمكارلىشىپ، ئەزگۈچى زوراۋانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى، ھەر قانداق زوراۋانلىقنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىق ئاستىدا ھامان بەربات بولىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

«كەلىلە ۋە دىمنە» دىكى مەسەل - چۆچەكلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان قەدىمكى ھىندىستاندا قۇلدارلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر شەكىللەنگەندىن كېيىنكى بىرقانچە مىڭ يىلغىچە قاتتىق دەرىجە تۈزۈمى داۋام قىلغان بولۇپ، ئاتالمىش يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىلەر ھېسابلانغان ھۆكۈمرانلار تۆۋەن دەرىجىلىك كىشىلەر ھېسابلانغان كەڭ جىسمانىي ئەمگەكچىلەرنى خالىغانچە ئېزەتتى ۋە ئۆلتۈرەتتى. خەلقنىڭ قىلچە قارشىلىق كۆرسىتىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئۇلار بۇنداق تەڭسىزلىككە تۈرلۈك چارىلەر بىلەن قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ، تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار كۈرەشنى توختاتمايتتى ھەمدە گۈزەل كېلەچەككە تەلپۈنەتتى. ئەسەردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇ خىل كۈرەشلىرى ۋە ئارزۇلىرى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلە، «قاغا

بىلەن يىلاننىڭ ھېكايىسى» دە بىر قاغا چاڭگىلىدىكى بالىلىرىغا ئارام بەرمەيۋاتقان يىلاننى بىر ئايالنىڭ يىلاننى ئۆلتۈرۈشتىكى ئەپچىل چارىسى بىلەن يوقاتقانلىقى يېزىلغان. «قۇشقاچ بىلەن قۇرغۇينىڭ ھېكايىسى»، «قۇشقاچ بىلەن يىلاننىڭ ھېكايىسى»، «بىر جۈپ تەيتۇردى ۋە دەريا ۋەكىلىنىڭ ھېكايىسى» قاتارلىقلاردا بۇ خىل ئىدىيە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل مەزمۇندىكى چۆچەكلەردە يەنە كۈرەش قىلىشقا جۈرئەتلىك ۋە ماھىر بولۇش ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلگەن. مەسىلەن، «شىر بىلەن توشقاننىڭ ھېكايىسى» دە بىر زالىم شىرنىڭ ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن بىردىن جانىۋارنى يەيدىغانلىقى، نۆۋەت توشقانغا كەلگەندە، توشقان جۈرئەتلىك بولۇپ، ئەقىل ئىشلىتىپ، شىرنى قۇدۇق بېشىغا باشلاپ كەلگەنلىكى، شىر قۇدۇق ئىچىدە ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن قۇدۇققا سەكرەپ ئۆلگەنلىكى ھېكايە قىلىنغان.

باشقىلارنىڭ رىزقىغا چاڭگال سېلىش فېئودال زوراۋانلارنىڭ نومۇسسىز قىلمىشلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ھالاۋىتى ئۈچۈن ئەمگەكچى خەلققە ئېغىر كۈلپەتلەرنى كەلتۈرەتتى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ زوراۋانلاردىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى ۋە تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھامان مەغلۇپ بولىدىغانلىقى ئەسەرنىڭ «ھۇۋقۇشلار بىلەن قاغىلارنىڭ ھېكايىسى»، «مايمۇنلار بىلەن ئېيىقلارنىڭ ھېكايىسى» سەھىپىلىرىدىكى ھۇۋقۇش، ئېيىق، پىل قاتارلىق زوراۋانلارنىڭ شەرمەندە ئاقىۋەتلىرى ھەمدە «مايمۇن بىلەن توڭگۇزنىڭ ھېكايىسى» دىكى ئۇۋچىدىن ئۈركۈپ قېچىپ كەلگەن بىر توڭگۇزنىڭ مايمۇننىڭ زېمىنىغا ئۇسۇپ كىرگەنلىكى، مايمۇن ئىلاجسىز ئۇنى قارشى ئېلىپ، ئۆزى يېيىش ئۈچۈن ساقلاپ قويغان ئەنجۈرلىرىدىن ئازراق بەرگەنلىكى، توڭگۇز قانائەت قىلماي ھەمدە ئەنجۈرنى يەپ تۈگىتىۋېتىش ئۈچۈن ئەنجۈر دەرىخىگە چىققاندا يىقىلىپ چۈشۈپ، رەسۋالارچە ئۆلگەنلىكىدەك ۋەقەلىك ئارقىلىق جانلىق بايان قىلىنغان.

ئەسەردىكى يەنە بىر مەسەل ـ چۆچەكلەردە تەنقىدنىڭ تىغ ئۇچى ئەينى جەمئىيەتتىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە قارىتىلغان. مەسىلەن، «يىلان بىلەن پاقىنىڭ ھېكايىسى» دە پاقىلار پادىشاھىنىڭ ھەر كۈنى ئىككى پاقىنى بىر زەھەرلىك يىلانغا يەم قىلىپ بېرىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ يىلانغا مىنىپ ھۇزۇرلىنىدىغانلىقى يېزىلىپ، باشقىلارنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرىدىغان، كىچىككىنە ئابرۇي ئۈچۈن باشقىلارنىڭ جېنىنى ساتىدىغان نومۇسسىزلار قاتتىق قامچىلانغان بولسا، «كەكلىك، چىل ۋە مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى» دە بىر ئۇۋىنى تالىشىپ ئارازلىشىپ قالغان كەكلىك بىلەن چىلنىڭ كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ئىبادەت قىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان، ھېچقانداق جانىۋارنى يېمەسلىككە قەسەم ئىچكەن بىر مۈشۈككە دەۋا ئېيتىپ كەلگەنلىكى، مۈشۈك دەۋانى سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۆز تەبىئىتىنى ئاشكارىلاپ، ياغلىما گەپلەر بىلەن ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ بىراقلا يەۋەتكەنلىكى ئارقىلىق ئادەمگەرچىلىك، دىيانەت تونىغا ئورۇنىۋالغان ھىيلىگەر، ئىككى يۈزلىمچى قەسەمخورلارنىڭ كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ موھتاجلىقىدىن پايدىلىنىپ، زىيانكەشلىك قىلىدىغان رەزىل ماھىيىتى ئېچىپ تاشلانغان ھەمدە ئەزەلدىن نىيىتى يامان بولغانلارغا ئىشىنىشنىڭ زىيىنى، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئۆزئارا ئارازلىشىشنىڭ زوراۋانلارنىڭ تېخىمۇ ئېغىر زىيانكەشلىك قىلىشى ئۈچۈن دەستەك بولۇپ بېرىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ئەسەردە يۇقىرىقى يادرولۇق مەزمۇنلاردىن باشقا يەنە راست سۆزلۈك بولۇش، توغرا يول تۇتۇش، دوستلۇققا سادىق بولۇش، ھالال ياشاش، ئۇلجىغا قارا سانىماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ياخشىلىققا يامانلىق قىلىدىغان ياۋۇز تەبىئەتلىكلەردىن ھەزەر ئەيلەش، ھازىرچە ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ كېيىن ئازار بېرىشىدىن ساقلىنىش، بىلىمسىز، نادانلار بىلەن ھەمسۆھبەت ۋە ئۈلپەت بولماسلىق قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ قايىل قىلارلىق دەرىجىدە

ئىپادىلىگەن. ئەسەردىكى:

شىر زەنجىردە باغلاقلىقتۇر، تۈلكە يۈرگەي بوش بىكار،
ئەيش ـ ئىشرەت بىرلە سەھرا قوينىدا ئەيلەپ شىكار.
زىرەك ئادەم ئۆز ئۆيىدە غەم بىلەن مەشغۇل، لېكىن،
يۈرەر غاپىل سەير ئەيلەپ نەگە بارسا ئىختىيار.

دېگەن مىسرالاردا جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان.

«كەلىلە ۋە دېمنە» دە گەرچە يۇقىرىقىدەك بىر قاتار خەلقچىللىق، دېموكراتىك ئىدىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىلغار مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن مەنتىقىي جەھەتتىن ئەسەرنىڭ تۈپ خاھىشىغا زىت بەزى پاسسىپ تەركىبلەرمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

بەختى ئىقبال يۇلتۇزى ساڭا قاراپ تۇغقان كۈنى،
بولسا ھەرنە مەقسىتىڭ ئىلكىڭگە كەلگەي ئۇ ئۇدۇل.
تەلىيىڭ قىلماي مەدەت تەتۈر قاراپ تۇرغان كۈنى،
كۆلگە بارساڭ كۆل سۈيى قۇرۇپ شۇئان بولغۇسى چۆل.

دېگەن مىسرالاردا تەقدىرچىلىك ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن بولسا، «رۇم شاھزادىسىنىڭ ھېكايىسى» دە شاھزادىنىڭ كېلىشكەن قامىتىنى خوتۇنلارغا كۆز ـ كۆز قىلىپ، ھېچقانداق ئەجىر قىلمايلا نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشىپ، ئاخىرىدا بىر ئەلگە پادىشاھ بولغانلىقى يېزىلىپ، ئەمگەك ۋە ھۈنەر ـ كەسىپ كەمسىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «قاغا بىلەن چاشقان ۋە كەپتەرلەرنىڭ ھېكايىسى» دە بۇ ھېكايىنىڭ ئەسلىي خاھىشىغا زىت ھالدا چاشقاننىڭ ئۆز ئۇۋىسىدا مىڭ دىنار پۇلنى بېسىپ ياتقان چاغدا زاھىتنىڭ داستىخىنىدىكى يېمەكلىكلەرنى

ئوغرىلاشقا مادارى يەتكەنلىكى، زاھىت مىڭ دىنارنى ئېلىۋالغاندىن
كېيىن، چاشقاننىڭ ياۋاش ۋە ئاجىز بولۇپ قالغانلىقى ھەممە بۇ
ۋەقەنىڭ تۈگەللىمىسى بولغان «ھەركىمنىڭ پۇلى ئاز بولسا قەدرى
خار بولىدۇ» دېگەن سۆز ئارقىلىق پۇلغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى
ئىپادىلەنگەن. بۇلارغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ،
ئەلۋەتتە.

ئەسەر بەدىئىيلىك جەھەتتە ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىك ياراتقان.
مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان جانلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ئەسەردە
ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى
ھېسابلىنىدۇ. بۇ پېرسوناژلار گەرچە تۈرلۈك ھايۋانلار بولسىمۇ، لېكىن
جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلارغا ئىنسانغا خاس تىل ۋە تۇيغۇ
بېرىلگەن. تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ
مىجەز - خۇلقى، سۆز - ھەرىكەتلىرى ئۇلار ئۈستىگە
مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن. ئەسەردىكى ھەربىر ھايۋانغا ئۇنىڭ ئەسلىي
تەبىئىتىگە ماس خاراكتېر بېرىلگەن بولۇپ، روشەن سىمۋوللۇق
خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مەزمۇننى ئەركىن ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئەسەردە
تۈرلۈك ژانىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى گىرەلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلغان.
ئەسەر ئۆزىدىكى سۇژېت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرى بويىچە
سىستېمىلىق تەشكىللەنگەن ۋەقەلىكلەر، ئىنچىكە سۈرەتلەنگەن
تىپىك مۇھىت ئىچىدىكى تىپىك پېرسوناژلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى
كەچۈرمىشلىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلەر بىلەن كۆز ئالدىمىزدا زور
ھەجىملىك رومان سۈپىتىدە گەۋدىلەنسە، پېرسوناژلار ھەرىكەت
قىلىۋاتقان ئورۇننىڭ كونكرېت، ئىخچاملىقى، بىرقانچە ھېكايىدە
تۇتاش رول ئېلىۋاتقان پېرسوناژلار، ئۇلارنىڭ روشەن ئىندىۋىدۇئاللىقا
ئىگە دىئالوگلىرى، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر دراماتىك
توقۇنۇش ئارقىلىق كۆپ پەردىلىك سەھنە ئەسىرى سۈپىتىدە نامايان
بولىدۇ. قۇرۇلما جەھەتتە ئەسەردە شاخلىتىپ بايان قىلىش ئۇسۇلى
قوللىنىلىپ، نۇرغۇن ئۇششاق ھېكايىلەر ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان ھالدا

بىر پۈتۈن ھېكايىلەر سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەسەردە يەنە ۋەقەلىكنىڭ ئەڭ جىددىي، ئەڭ كۆركەم جايلىرىنى ھەمدە بۇ ئاساستا پەيدا بولغان قايناق ھېسسىياتنى بايان قىلىشتا نەسرىي تىل ئاجىزلىق قىلغاندا شېئىرىي تىل قوللىنىلغان بولۇپ، يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان بۇ شېئىرلارمۇ كىشىگە يېقىملىق ئېستېتىك تەسىرات بېرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئوبرازلىق، گۈزەل تىل بىلەن جايىدا قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرمۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

## ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە تەسىرى

«كەلىلە ۋە دىمنە» قەدىمكى ھىندى، پارس جەمئىيىتىدە دۆلەت دەستۇرى سۈپىتىدە ئەتىۋارلانغان. تېۋىپ بەرزۇيەنىڭ شاھ ئەمرى بويىچە بۇ كىتابنى ئىزدەپ ھىندىستانغا قىلغان سەپىرى ۋە فىردەۋسى «شاھنامە» دە تەسۋىرلىگەن شاھزادە شىروينىڭ بۇ كىتابنى ئۆز يېنىدا ساقلىغانلىقى قاتارلىق مەلۇماتلار بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ. ئەمما، ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قىممىتى ئۇنىڭ خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى نامايان قىلىپ، كىشىلەرگە ھايات ھەقىقەتلىرىنى ئۆگەتكەنلىكىدە ۋە بىزگە قەدىمكى كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى غايىۋى گۈزەل كېلەچەككە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى تونۇتۇپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

ئەسەر دۇنيادىكى بىرمۇنچە مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ۋە يازما ئىجادىيىتىگە خېلى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بىز ھازىر «مىڭ بىر كېچە» دىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە بوككاچچىيونىڭ «ئون كۈنلۈك سۆھبەت»، چوسېرنىڭ «كېنتېربېرى ھېكايىلىرى»، لافونتېننىڭ «شېئىرىي مەسەللەر»، فرانسىيە داستانى «تۈلكە رېنات» قاتارلىقلاردىنمۇ ئۇنىڭ تەسىرىنى كۆرەلەيمىز. مۇقەففانىڭ ئەرەبچە

نۇسخىسى 11 - ئەسىردە سىيمون تەرىپىدىن گرېك تىلىغا، 12 - ئەسىردە روبى جۇئىل تەرىپىدىن ئىبراي تىلىغا، 1251 - يىلى ئىسپان تىلىغان تەرجىمە قىلىنغان. 1583 - يىلىغىچە بۇ ئۈچ نۇسخا يەنە ئىتالىيان، گېرمان، سلاۋىيان، لاتىن، دانىيە، ئىسلاندىيە، گوللاندىيە، فرانسۇز، ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەۋلانا ھۇسەيىنىنىڭ پارسچە نۇسخىسى شەرقتە تۈرك، گروزىن، ھىندى ۋە ئۇيغۇر تىللىرىغا، ياۋروپادا 1644 - يىلى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك مىللەتلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى بۇ ئەسەرنىڭ خېلى چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. تاجىكلارنىڭ «شىر بىلەن ئۆكۈز»، قىرغىزلارنىڭ «قۇشقاچ بىلەن يىلان»، «تۆت دوست» قاتارلىق مەسەللىرى «كەلىلە ۋە دېمنە» نى مەنبە قىلغان. ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىگە بولغان تەسىرى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ھەمدە توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن بەزى مەسەللىرىمىزنىڭ ئەسەردىكى بىر قىسىم مەسەللەر بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلە، «شىر بىلەن توشقاننىڭ ھېكايىسى» بىلەن «يولۋاس بىلەن توشقان»، «تاشپاقا بىلەن چايىننىڭ ھېكايىسى» بىلەن «پاقا بىلەن چايان»، «تاشپاقا بىلەن ئۆردەكلەرنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «ماختانچاق پاقا»، «قاغا بىلەن چاشقان ۋە كەپتەرلەرنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «كەكلىكلەر»، «كەكلىك، چىل ۋە مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «ھاجى مۈشۈك»، «ئېيىقلار بىلەن مايمۇنلارنىڭ ھېكايىسى بىلەن «مايمۇنلار بىلەن ئېيىقلار»، «ئۆز ئەسلىگە ئايلانغان چاشقاننىڭ ھېكايىسى» بىلەن «تەكەببۇر مەلىكە»، «خىيالپەرەس تەقۋادارنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «ھاماقەتنىڭ خىيالى»، «پادىشاھ بىلەن قارچىغىنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «ۋاپادار قۇش»، «ئوۋچى بىلەن تالىپلار ھېكايىسى» بىلەن «ئەركەكمۇ، ئۇرغاچىمۇ»، «چاشقان بىلەن پاقىنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «پاقا بىلەن چاشقان»، «دورامچى قاغىنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «شاتۈتى

www.uyghurkitap.com

بىلەن بۇلبۇل»، «ئەخمەق ئوقانىڭ ھېكايىسى» بىلەن «تۆمۈر يەيدىغان چاشقان» (ھەربىر جۈپ مەسەلنىڭ باشتىكىسى «كەلىلە ۋە دىمنە» دىكى مەسەل، ئاخىردىكىسى ئۇيغۇر خەلق مەسەلى) قاتارلىق 14 جۈپ مەسەل قىسمەن پەرقلەردىن سىرت ۋەقەلىك، پېرسوناژ، باش تېما جەھەتلەردىن ئوخشاشلىقتا ئىگە. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى بىۋاستە «كەلىلە ۋە دىمنە» نى مەنبە قىلغان. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەر ئۆزىنى قوبۇل قىلغۇچى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا يېتىپ بارغاندا، شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تالىلىشى، قايتا پىششىقلاپ ئىشلىشى قاتارلىق جەريانلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ. قوبۇل قىلغۇچى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىمۇ سىرتتىن كەلگەن تەسىرگە قارىتا پائالىيەتچانلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدۇ، ئۇنى ئۆزىدە ئىلگىرى بار بولغان ئالاھىدىلىكلەر بىلەن قايتا يۇغۇرۇپ، سىرتتىن كەلگەنلىكى بىلىنمىگۈدەك دەرىجىدىكى يېڭى نەرسە قىلىپ چىقىدۇ. يۇقىرىقى مەسەللىرىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ مەنبەسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

ئومۇمەن، «كەلىلە ۋە دىمنە» پەلسەپىۋىلىككە باي مەزمۇنى، ئۆزگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن نادىر مەسەل ـ چۆچەكلەر خەزىنىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. «كەلىلە ۋە دىمنە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1984 ـ يىلىدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى ۋە خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1959 ـ يىلىدىكى خەنزۇچە نەشرى؛
2. «بەشنامە»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرى، 1959 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
3. خەننا فاخۇرى [لىۋان]: «ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخى»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1990 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

# «كەلىلە ۋە دىمنە»نىڭ تۈركىي تىللاردىكى تەرجىمىلىرى[1]

ئارزۇگۇل ئابدۇللا

قەدىمكى ھىندى خەلقى دانىشمەنلىكىنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان، دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسىنىڭ يارقىن دۇردانىلىرىدىن بىرى بولغان «كەلىلە ۋە دىمنە» قەدىمكى ھىندى خەلق مەسەل - چۆچەكلەر توپلىمى «بەشنامە» («پانچاتانترا» ياكى «بەش كىتاب») ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەسەر بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيە 4 - ئەسىرلەردە رەسمىي كىتاب ھالىتىگە كەلگەن.

«بەشنامە» كىتاب ھالىتىگە كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن مەسەل - چۆچەكلەر خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. گەرچە بىز بۇ مەسەل - چۆچەكلەرنىڭ قاچان ئىجاد قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ، لېكىن قەدىمكى يۇناننىڭ مەشھۇر ئەسىرى بولغان «ئىزوپ مەسەللىرى» دىكى ئايرىم مەسەللەرنى «بەشنامە» دىمۇ ئۇچرىتىمىز. تەتقىقاتچىلار «بۇ مەسەللەرنىڭ ئەسلىي ماكانى يۇنان ئەمەس، ھىندىستاندۇر» دەپ شەرھلىگەن. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى، «بەشنامە» دىكى بەزى مەسەل - چۆچەكلەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 - ئەسىردىلا مەۋجۇت بولغان.

«بەشنامە» ئەسلىي سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، مىلادىيە 6 - ئەسىردىن باشلاپلا تۈرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىنىشقا

[1] «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2005 -يىللىق 2 - سانىدىن ئېلىندى.

باشلىغان. ئىران شاھى نۇشىرۋان بىننى كۇبات ساسانىي (579 ــ 531) زامانىدا، نۇشىرۋاننىڭ ئەمرى بىلەن تېبىپ بەرزۇيە ھىندىستاندىن بۇ كىتابنى كەلتۈرگەن ھەمدە شۇ دەۋردىكى پارس تىلى (پەھلىۋى تىلى) غا تەرجىمە قىلغان. بىراق، بۇ پەھلىۋى نۇسخا يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. تەخمىنەن 570 - يىلى پەھلىۋى تىلىدىن سۈرىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخا ۋە 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (تەخمىنەن 750 - يىللىرى) ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلار ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئۈچ خىل تىلدىكى تەرجىمىنىڭ ھەممىسى «كەلىلە ۋە دىمنە» دەپ ئاتالغان. «كەلىلە» ۋە «دىمنە» لەر «بەشنامە» نىڭ بىرىنچى نامىدىكى باش قەھرىمانلار karataka بىلەن Dhamanaka نىڭ ئىسمىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر.

«كەلىلە ۋە دىمنە» ئەسىرىنىڭ دۇنياغا تارقىلىشىدا، ئىبن ئەل مۇقەففانىڭ ئەرەب تىلىدىكى تەرجىمىسى كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. بۇ تەرجىمىدىن يەنە باشقا نۇرغۇن تىللاردىكى تەرجىمىلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن. پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان تەرجىمان ئوبۇلھەسەن ئابدۇللا ئىبنى ئەل مۇقەففا تەرجىمە جەريانىدا، ئەينى زامان تەرجىمە ساھەسىدە مەۋجۇت بولغان ئەنئەنە بويىچە پەقەت مۇقەددىمە يېزىپ قالماي، بەلكى ئەسەرنىڭ ئەسلىيىتىگە تالاي ئۆزگىرىشلەرنى كىرگۈزگەن ۋە «دىمنە ئىشىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى» دېگەن بابنى قوشقان، بەزى ئورۇنلارنى ئۆز دەۋر قاراشلىرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىسقارتىپ، ئەسەرگە يېڭىچە تۈس بەرگەن.

«كەلىلە ۋە دىمنە» تۈركىي تىللىرىغىمۇ پائال تەرجىمە قىلىنغان. تۈركىي تىللاردىكى تەرجىمىلىرىدە، ئىبن ئەل مۇقەففانىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدىن نەسرۇللا ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھەمىد ئەبۇلمەئالى پارسچىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمە نۇسخا (1145 ــ 1142 - يىللاردا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان)؛ 15 - ئەسىردە ھۇسەيىن ۋائىز كاشفى ئەبۇلمەئالى نۇسخىسىغا ئاساسەن قايتا ئىشلىگەن «ئەنۋارى سۇھەيلى»

ۋە ئابدۇلھەزىم قەرىپ (1938 – 1937 - يىللىرى) ئىشلىگەن پارسچە تەرجىمە نۇسخىلىرى ئاساسلىق رول ئوينىغان.
مۇھەممەد جەففار مەقجۇپىنىڭ «دەربارەئى كەلىلە ۋە دىمنە» («كەلىلە ۋە دىمنە ھەققىدە») دېگەن كىتابىدا: «‹كەلىلە ۋە دىمنە› نىڭ تۈركچە تۇنجى تەرجىمىسىنى مەسئۇد دېگەن كىشى ئەبۇلمەئالى نۇسخىسىدىن قەدىمكى ئوسمانلىي تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆمەر بەگ شاھزادەئى ئايدىن يەنە ئەبۇلمەئالى نۇسخىسىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ تەرجىمىنى نامەلۇم شائىر نەزمىگە قاتقان، 16 - ئەسىردە سۇلتان سۇلايماننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئەلى چەلەبى دېگەن مۇدەررىس ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ ‹ئەنۋارى سۇھەيلى› سىنى ئوسمانلىي تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىپ، ‹ھۇمايۇننامە› دەپ ئاتىغان. 1726 – 1727 - يىللاردا مۇقتى يەھيا ئەپەندى ۋە ئوسمانزاتلار ‹ھۇمايۇننامە› نى ئاددىيلاشتۇرۇپ قايتا ئىشلىگەن، 1889 – 1902 - يىللاردا ئابدۇلئەزىم فائىزخان ئوغلى ‹كەلىلە ۋە دىمنە› نى ئەرەبچىدىن غەزانى (تاتار) تىلىغا تەرجىمە قىلغان» دەپ شەرھلىگەن.
ھىجرىيە 1130 - يىلى (مىلادىيە 1717 - يىلى) قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى ئىمام مۇھەممەدنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە موللا مۇھەممەد تۆمۈر «ئەنۋارى سۇھەيلى» نى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلى (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى) غا تەرجىمە قىلغان ۋە «ئاسارى ئىمامىيە» دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويغان. مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، موللا مۇھەممەد تۆمۈرنىڭ تەرجىمىسى ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكىسى ئەمەس ئىكەن.
ئۆزبېك ئالىمى غولام كەرىموف ئۆزىنىڭ «ھىندى مەسەلى ‹كەلىلە ۋە دىمنە›نىڭ ئۆزبېكچە ۋېرسىيەلىرى» دېگەن ماقالىسىدە تۆۋەندىكىدەك شەرھلەيدۇ: «مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە ‹كەلىلە ۋە دىمنە›نىڭ ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەڭ قەدىمكى تەرجىمىسى 8 - ئەسىرگىچە توغرا كېلىدۇ، پارسچىدىن چاغاتايچىغا

(قەدىمكى ئۆزبېكچە) ئىفتىخاردىن مۇھەممەد بەكرى ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمىنىڭ بىر قوليازما نۇسخىسى ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدىكى ‹ئىندىيە ئاففىس› كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئىنگلىز شەرقشۇناسى ئېتېنىڭ 1903 - يىلىدا ئوكسفورد شەھىرىدە بېسىلغان ‹ئىندىيە ئاففىس كۇتۇپخانىسىدىكى پارسچە قوليازمىلار كاتالوگى› ناملىق كاتالوگىدا (471 – 472) كۆرسىتىلىشىچە، تەرجىمان ئىفتىخاردىن مۇھەممەد بەكرى موغۇل ھۆكۈمدارلىرىدىن ئۆكدەي خان ۋە ئۇنىڭ جىيەنى مەنگو خانلارغا يېقىن تۇرغان ۋە شۇلارنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەسەرنى چاغاتايچىغا تەرجىمە قىلغان. بەختكە قارشى ئەنگلىيىدە ساقلىنىۋاتقان ‹كەلىلە ۋە دىمنە› نىڭ چاغاتايچە نۇسخىسى توغرىسىدا ئېتېنىڭ ئۆز كاتالوگىدا يۇقىرىدىكى قىسقا مەلۇمات بىلەن چەكلەنگەنلىكى، كۆپ جەھەتلەردىن مۇھىم بولغان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ بۇ قەدىمكى يادىكارلىقى ھەققىدە مەنبەلەردە باشقا مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ.»

بۇ مەلۇماتتىن بىز موللا مۇھەممەد تۆمۈر تەرجىمىسىدىن بەش ئەسىر ئىلگىرىلا ئىفتىخاردىن مۇھەممەد بەكرى «كەلىلە ۋە دىمنە»نىڭ ئۇيغۇر تىلى (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى) دىكى تەرجىمىسىنى ياراتقانلىقىنى جەزملەشتۈرىمىز.

1809 -، 1810 - يىللاردا «كەلىلە ۋە دىمنە» شىرۋاندا ئەۋاز ئەلى ئىبنى مەرھۇم سافىي قولى تەرىپىدىن ئەزەربەيجانچىگە تەرجىمە قىلىنىدۇ. بۇ تەرجىمە مۇقەددىمىسىدە ئەبۇلمەئالى ۋارىيانتى «ئەنۋارى سۇھەيلى» ۋە «ئىيارى دانىش» ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈلىدۇ. شۇلاردىن «ئەنۋارى سۇھەيلى» ئەۋزەلرەك سانىلىدۇ. ئەزەربەيجان تەتقىقاتچىلىرى بۇ تەرجىمىنى «ئەنۋارى سۇھەيلى» دىن قىلىنغان دەپ ھېسابلايدۇ.

ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قوليازمىلار فوندىدا «كەلىلە ۋە دىمنە» نىڭ موللا مۇھەممەد تۆمۈر تەرجىمىسىنىڭ قوليازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرىدىن باشقا، يەنە

بىرنەچچە ئۆزبېكچە تەرجىمىلىرىنىڭ قولىيازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرىمۇ ساقلانغان. بۇلار: 1837 ـ، 1838 ـ يىللاردا خىۋە خانلىرىدىن ئاللاقۇلى خان ھۆكۈمدارلىقى دەۋرىدە خارەزىمدە موللا مۇھەممەد نىياز پارسچىدىن ئۆزبېكچىگە قىلغان تەرجىمە ۋە تاشكەنتلىك موللا مۇھەممەد مۇسا ئەيسا قازى ئوغلى تاپشۇرۇقىغا بىنائەن قارىي فەيزۇللا (تەخەللۇسى ئەلىمائى) تەرجىمىلىرىنىڭ قولىيازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت. ئەلىمائىنىڭ تەرجىمىسى «ئەنۋارى سۇھەيلى» ۋە «ھۇمايۇننامە» ئاساسىدا 19 ـ ئەسىرنىڭ يېرىمىدا ئىشلەنگەن بولۇپ، 1901 – 1913 ـ يىللار ئىچىدە ئۈچ قېتىم تاش باسمىدا نەشر قىلىنغان. 1960 ـ يىلى ر. سۇلتانوف «كەلىلە ۋە دىمنە»نى پارس تىلىدىن ئەزەربەيجان تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

1966 ـ يىلىغا كەلگەندە، سۇيىمە غەنىيېۋا 1938 ـ يىلى ئىراندا چىققان ئابدۇلئەزىز قەرىب تەرجىمىسى ۋە ر. سۇلتانوفنىڭ ئەزەربەيجانچە تەرجىمىسى ئاساسىدا ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ تەرجىمە تاشكەنتتە 1966 ـ، 1977 ـ، 1988 ـ، 1992 ـ ۋە 1994 ـ يىللىرى بولۇپ بەش قېتىم نەشر قىلىنغان.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى موللا مۇھەممەد تۆمۈر تەرجىمىسىنىڭ قولىيازمىسىنى نىمەتۇللاھ ئەبەيدۇللاھ تەييارلىشىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قازاندا «كەلىلە ۋە دىمنە» نىڭ نامەلۇم تۈركىي قولىيازما نۇسخىسى تېپىلغان. «‹كەلىلە ۋە دىمنە›نىڭ نامەلۇم تۈركىي قولىيازما نۇسخىسى» ماقالىسىنىڭ مۇئەللىپى ئابدۇلجەلىل زەينۇللىن: «بۇ قولىيازما تاتار تىلشۇناسى قاسىم ھەمزىنىڭ كىتابلار توپلىمىدىن تېپىلغان. ‹كەلىلە ۋە دىمنە› قاسىم ھەمزىنىڭ قىزى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان» دەپ يازىدۇ.

دىمەك «كەلىلە ۋە دىمنە» دۇنيا مەدەنىي تىللىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك تەرجىمە قىلىنغان. قەدىمكى ھىندى فولكلورى

زېمىنىدا تۇغۇلغان بۇ ئەسەر مەيلى قايسى دەۋردە قايسى تىلغا تەرجىمە قىلىنىسۇن، شۇ خەلق ھاياتى، تارىخىي شارائىت قاتارلىقلار بىلەن باغلىنىپ ماڭغان. ئۇنىڭغا يەنە يېڭى ئېلېمېنتلار، يېڭى رەڭلەر قوشۇلۇپ بارغان. نەتىجىدە تۈرلۈك خەلقلەر مەدەنىي ھاياتىنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە شۇ خەلق مەدەنىيىتى ئېلېمېنتلىرى بىلەن بېيىغان «كەلىلە ۋە دىمنە» نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلگەن. بۇ تەرجىمە نۇسخىلار ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەت ياكى خەلق ئەدەبىياتىغا سىڭىپ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن.

مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، «كەلىلە ۋە دىمنە»نىڭ تۈركىي تىللارغا قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىلىرى «تۈركىي لىباس»نى كىيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن.

پايدىلانغان مەنبەلەر:
1. لىن شىنخۇا (تەرجىمىسى): «كەلىلە ۋە دىمنە» (خەنزۇچە)، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1959 - يىل نەشرى.
2. مۇھەممەد جەففار مەقجۇپ: «دەربارەئى كەلىلە ۋە دىمنە» (پارسچە)،تېھران، 1970 - يىل.
3. «ۋ. ئى. لېنىن نامىدىكى تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى»، تاشكەنت، «ئۆزبېك ئەدەبىياتى»، 1960 - يىل.
4. سۇيىمە غەنىيېۋا: «كەلىلە ۋە دىمنە»، تاشكەنت، ئىستىقبال نەشرىياتى، 1966 - يىل
5. ر. سۇلتانوف: «كەلىلە ۋە دىمنە»، باكو: ئەزەربەيجان دۆلەت نەشرىياتى، 1962 - يىل.
6. ئا. زەينۇللەن: ««كەلىلە ۋە دىمنە»نىڭ نامەلۇم تۈركىي قولىيازما نۇسخىسى»، «ئۆزبېك تىلى ئەدەبىياتى»، 1984 - يىل.



www.uyghurkitap.com

# «كەلىلە ـ دىمنە»ۋە ئۇيغۇرلار[1]

ئەنۋەر مەتسەيدى

«كەلىلە ۋە دىمنە» قەدىمكى ھىندىستاننىڭ دۇنياغا مەشھۇر مەسەل ـ چۆچەكلەر توپلىمى «پانچاتانترا» (بەشنامە)نىڭ پارسچە، ئەرەبچە، تۈركچە ۋە باشقا تىللاردىكى ئىجادىي تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ نامى. بۇ ئەسەرنىڭ بەشنامە دەپ ئاتىلىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسى قەدىمكى ھىندىستاندا تەخمىنەن 4 ـ، 6 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا «پانچاتانترا» نامى بىلەن كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن. 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىران ساسانىيلار پادىشاھى نۇشىرىۋان زامانىدا بەرزۇيە ئاتلىق ھېكىم تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى بولغان پەھلىۋى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 570 ـ يىللىرىغا كەلگەندە پەھلىۋى تىلىدىن قەدىمكى سۇرىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 180 يىل ئۆتۈپ 750 ـ يىلىغا كەلگەندە پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەبچە ئىجادىي تەرجىمە نۇسخىسى مەيدانغا كەلگەن. تەرجىمان ئىبنى مۇقەففا بولۇپ، تەرجىمە جەريانىدا نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى قوشۇپ، كىتاب ئىسمىنى «كەلىلە ۋە دىمنە» دەپ ئاتىغان. ئۇ ساپ نوقۇل تەرجىمە بولماستىن، ئىجادىي تەرجىمە بولۇپ، مۇقەففا ئەسەرنى يېپيېڭى تۇسكە كىرگۈزگەچكە، ھازىرغىچە بۇ ئەسەر ئەرەب ئەدەبىيات تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن ئىگىلەپ كەلمەكتە. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرغىچە ياۋروپا ۋە ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن خىلمۇخىل تەرجىمە نۇسخىلىرى، جۈملىدىن تۈركچە (چاغاتاي تىلىدىكى) نۇسخىلىرى، ھەتتا 1959 ـ

---

[1] «كرووران» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىل 6 ـ سانىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

يىلى مەيدانغا كەلگەن خەنزۇچە نۇسخىسىمۇ ئەنە شۇ ئىبنى مۇقەففانىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىنى مەنبە قىلغان. ئىبنى مۇقەففا نۇسخىسىنىڭ تىلى گۈزەل بولغاچقا، بۇ ئەسەر ئۇزۇندىن بۇيان ئەرەب ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقان مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بىر خىل ئۈلگىلىك رول ئويناپ كەلگەن. شۇڭا بۇ ئەسەرنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ئۇنىڭ دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۆچمەس تەسىرىدە كۆرۈلىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ئەسەر پۈتۈن دۇنيانى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىققان. بارلىق مىللەت، بارلىق تىللاردا دېگۈدەك ئۇنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭدىكى ھېكايىلەر بىر تەرەپتىن قايتا خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن، دۇنيادىكى مەشھۇر مەسەل ۋە چۆچەكلەر توپلاملىرى بولغان «ئىزوپ مەسەللىرى»، «ئون كۈنلۈك سۆھبەت»، «مىڭ بىر كېچە»، «لافونتېن مەسەللىرى»، «گرىم چۆچەكلىرى» قاتارلىقلاردا «كەلىلە ۋە دىمنە» ھېكايىلىرىنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىزنالىرى ئۇچرايدۇ. شۇڭا بەزىلەر ئۇنى «دۇنيانى بويسۇندۇرغان ئەسەر» دەپ تەرىپلىگەن ۋە ستاتىستىكا قىلىپ، كۆپ تىلغا تەرجىمە قىلىنىش جەھەتتە «ئىنجىل» دىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ قارىغان[1].

كىشىلەر «كەلىلە ۋە دىمنە» نىڭ ئەسلىي شەكلى بولغان «پانچاتانترا» كىتابىدىكى بەزى مەسەللەرنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىرلەردە قەدىمكى يۇناندا مەيدانغا كەلگەن «ئىزوپ مەسەللىرى» دە ئۇچرايدىغانلىقىغا ئاساسەن ئۇنىڭدىكى ھېكايىلەرنىڭ پەيدا بولۇشقا باشلىغان يىل دەۋرىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىرلەردىنمۇ بۇرۇن دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا بۇنداق ھېكايىلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. ئۇنىڭ

[1] جى شيەنلىن: «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 119 - بەت.

ئەرەبچە نۇسخىسىنىڭ مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن پەھلىۋىچە نۇسخىسىدىن كەلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالساق، ئۇنداقتا «كەلىلە ۋە دىمنە» گە ئەڭ كېيىن قېتىلغان ھېكايىلەرنىڭ ۋاقتىنىمۇ ھېچ بولمىغاندا مىلادىيىدىن كېيىنكى 6 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن ئەمەس، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

ئىبلىمىزدە «كەلىلە ۋە دىمنە» نىڭ ئىبنى مۇقەففا نۇسخىسى 1934 ـ يىلى قاھىرە مۇستەفا مۇھەممەد نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىغا ئاساسەن لىن شىڭخۇا تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1959 ـ يىل 3 ـ ئايدا بىرىنچى قېتىم خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. كىتابقا جى شيەنلىن كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەن. كىتابقا يەنە بەرزۇيەنىڭ ھىندىستانغا ئەلچىلىككە بېرىشى، بەرزۇيەنىڭ تەرجىمىھالى، ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى ئىبن مۇقەففانىڭ ئۆزى يازغان مۇقەددىمە قاتارلىقلارمۇ قوشۇمچە قىلىنغان. ئىبن مۇقەففا يازغان «كەلىلە ۋە دىمنە» كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ كىتاب ئەسلى 20 نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ھىندى براھمان ھەكىملىرىدىن بىدپاي تەرىپىدىن ھىندى پادىشاھى دابىشلىمغا ئاتاپ يېزىلغان ئىكەن. كىتابتا ئېيتىلىشىچە، ھىندىستانلىقلار ئالېكساندر تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دابىشلىمنى ھىندىستان پادىشاھى قىلىپ تىكلەيدۇ. دابىشلىم پادىشاھ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ياخشى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزىدۇ. كېيىن ئۆز ئىشىدىن مەغرۇرلىنىپ زالىملىشىپ كەتكەچكە، دۆلەتنى مۇنقەرزلىككە يۈزلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ۋەزىرلەر نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. خانلىقتا بىدپاي ئىسىملىك بىر براھمان ھەكىم بولۇپ، پادىشاھنى يامانلىقتىن توسۇپ، ئادالەت يولىغا قايتۇرۇپ كېلىشكە بەل باغلايدۇ. تەۋەككۇل قىلىپ پادىشاھقا دۆلەت تۈزەش يوللىرىنى بىلدۈرمەكچى بولىدۇ.دابىشلىم ئۇنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت قايتىدىن ئەمىن تېپىپ، گۈللىنىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى كېيىنكىلەرگە

تارقىلىدۇ. پادىشاھ بىدپاي ھەكىمگە بۇ كىتابنى يېزىشنى بۇيرۇيدۇ. بىر يىلدىن كېيىن بىدپاي 15 بابتىن تۈزۈلگەن ھايۋانلارنىڭ ھېكايىسى ئارقىلىق دۆلەتنى تۈزەپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش يوللىرىنى ئۆگىتىدىغان كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ ۋە كىتابنىڭ بىرىنچى بابىدىكى «شىر بىلەن ئۆكۈز» دە ئاساسلىق رول ئالغان كەلىلە ۋە دىمنە ئاتلىق ئىككى بۆرىنىڭ ئىسمىنى كىتابنىڭ نامى قىلىپ ئىشلىتىدۇ. ھېكايىلەرنىڭ مەقسىتىنى ئېنىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەربىر بابتا دابشىلىم بىلەن بىدپاي ھەكىمنىڭ سوئال - جاۋابلىق شەكلىنى ھېكايىنىڭ باشلىنىشى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بىلەن ھەكىم پۈتكۈل كىتابتىكى ھېكايىلەرنى بىر - بىرىگە چاتىدىغان مۇھىم پېرسوناژلار بولۇپ قالىدۇ. كىرىش سۆزنىڭ ئاخىرىدا ئېيتىلىشىچە، ئىلىم سۆيەر پارس شاھى نۇشىرۋان بۇ كىتابنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، تېۋىپ بەرزۇيەنى ھىندىستانغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. بەرزۇيە بىر ئامال قىلىپ بۇ كىتابنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى پارس شاھىنىڭ دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرىدۇ. كىرىش سۆزدىن كېيىن «بەرزۇيەنىڭ ئەلچىلىككە بېرىشى»، «تېۋىپ بەرزۇيە» دېگەن ئىككى باب بېرىلگەن. ئالدىنقى بابتا ساسانىيلار شاھىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان بەرزۇيەنىڭ ھىندىستاندا قانداق قىلىپ بۇ كىتابنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ۋە قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن كېچە - كۈندۈزلەپ بۇ كىتابنى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققانلىق جەريانى بايان قىلىنغان. كېيىنكى بابتا بەرزۇيەنىڭ تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلغان①. دۇنيا شەرقشۇناسلىرى ھازىرغىچە قەدىمكى ھىندىستان كىتابلىرى ئىچىدىن «كەلىلە ۋە دىمنە» ئىسىملىك كىتابنىڭ بارلىقىنى بايقىغىنى يوق. پەقەت بىر قىسىم قەدىمكى ھىندىستاننىڭ سانسكرىتچە كىتابلىرى ئىچىدىن «كەلىلە ۋە دىمنە» كىتابىدا بار بولغان ھېكايىلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. بۇ كىتابلار ئاساسلىقى «پانچاتانترا» (بەشنامە)، «ماخاپخاراتا»، «ھېتۇ - پەدىسە»

① ئىبنى مۇقەففا: «كەلىلە ۋە دىمنە»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1959 - يىل 3 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، تەرجىمان لىن شىڭخۇا.



www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە «پانچاتانترا» نىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىرلەرگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھىندىستاندا بۇرۇنلا مۇكەممەل بىر كىتاب بولغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھېكايىلەرنى پەھلىۋى تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى تەرجىمە جەريانىدا بىرقانچە قەدىمىي ھىندىستان كىتابلىرى ئىچىدىن تاللاپ ئالغان ھېكايىلەر بىلەن قوشۇپ بىر كىتاب قىلىپ چىققان. بىرىنچى بابتىكى ئىككى پېرسوناژ كەلىلە بىلەن دېمنەنى كىتابنىڭ ماۋزۇسى قىلىپ تاللىۋالغان.

فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سى بىلەن «پارس خانلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابتا بەرزۇيە ھەكىمنىڭ بۇ كىتاب ئۈچۈن ھىندىستانغا بارغانلىقى، ئۇنى تېپىپ كېلىپ نۇشىرىۋاننىڭ كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرغانلىقى، شۇنىڭدەك كېيىنچە رۇداكىينىڭ بۇ ئەسەرنى نەزمىلەشتۈرۈپ يېزىپ چىققانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. ئومۇمەن ھىندىستان سانسكرىت تىلىدا ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، پارسلار بۇ كىتابنى پەھلىۋى تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا نۇرغۇن ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى ئېنىق. بەزى بابلار يېڭىدىن قوشۇلغان، بەزىسى ئېلىۋېتىلگەن. پەھلىۋى تىلىدىكى «كەلىلە ۋە دېمنە» ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىشتىن بۇرۇن قەدىمكى سۈرىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمان بۇد ئىسىملىك بىر دىن تارقاتقۇچى بولۇپ، ۋاقتى تەخمىنەن 570 ـ يىللار دەپ قارىلىدۇ. ئۇمۇ «كەلىلە ۋە دېمنە» دېگەن ئىسمىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇنى ئەرەبچە نۇسخىسىغا سېلىشتۇرغاندا، پەھلىۋى ۋە سانسكرىتچە نۇسخىسىغا تېخىمۇ يېقىن، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ سۈرىيە تىلىدىكى نۇسخىسى ئۇزاققىچە كىشىلەرنىڭ دىققىتىدىن چەتتە تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى 1879 ـ يىلى ماردىن ئىسىملىك بىر شەرقشۇناس مەلۇم بىر شەھەردىن بايقىغان ۋە نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ گېرمانچە نۇسخىسىمۇ ئېلان قىلىنغان. بايقالغان قەدىمكى سۈرىيە نۇسخىسى پەقەت ئون بابلا بولۇپ، تولۇق ئەمەس. ئۇنىڭدا كىرىش سۆز، بەرزۇيە ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ يوق. بۇ نۇسخىدىكى ھېكايىلەر بىلەن ئەرەب

نۇسخىسىدىكى ھېكايىلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە نۇرغۇن ئوخشىماسلىقلار بار. ئۇنىڭدىكى «شىر بىلەن بۆرە» ناملىق ھېكايە ۋەقەلىك جەھەتتىن سانسكرىتچە «ماخاپخاراتا» ئېپوسىدىكى ئوخشاش ماۋزۇلۇق ھېكايىگە بەكمۇ يېقىن[①].

«كەلىلە ۋە دىمنە» نىڭ 750 - يىلى ئىبنى مۇقەففا تەرىپىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىشى ئۇنىڭ كىتاب بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كېيىن دۇنياغا تارقالغان نۇسخىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەنە شۇنى ئاساس قىلغان. ئىبنى مۇقەففا تەرىپىدىن ئىجادىي ئىشلەنگەن ئەرەبچە «كەلىلە ۋە دىمنە» كىتابى نۇرغۇن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، ھىندىستاننىڭ قەدىمكى مەسەل - چۆچەكلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا، جۈملىدىن مۇسۇلمانلار ئارىسىغا تارقىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئۇنى زور دەرىجىدە يېڭىلاپ، تىل جەھەتتىن تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ۋە پاساھەتكە ئىگە قىلغاچقا، ئۇ ئەسەر ئەرەب خەلقىنىڭ مەنىۋى بايلىقى سۈپىتىدە شۆھرەتلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى «قۇرئان كەرىم» دىن قالسىلا ئەرەب ئەدەبىياتىدا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كلاسسىك ئەسەر، دەپ قارىغان[②]. قىسقىسى، بۇ ئەسەر دۇنيا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدا تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر نامايەندە بولۇپ، ئۇنى ھىندى برەھمان دىنى ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى، پارسلارنىڭ زورۇ ئاستىرىزم دىنى ۋە مەدەنىيىتى، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆزئارا سىڭىشكەن مەنىۋى ھايات ھاسىلاتلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك مۇجەسسەمى، دېيىشكە بولىدۇ.

«كەلىلە ۋە دىمنە» كىتابىنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە بىرقانچە خىل تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى مەلۇم. 15 - ئەسىردە ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى بۇ ئەسەرنى مۇقەففا نۇسخىسىغا

---

① يۈ يۇچىڭ: «كەلىلە ۋە دىمنە، نىڭ كىتاب بولۇش جەريانى»، «ئەرەب دۇنياسى»، 2003 - يىللىق ئومۇمىي 84 - سان، 29 -، 30 - بەتلەر.

② يۈ لۇڭيۈ: «ھىندى كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياۋى تەسىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1999 - يىل 2 - سان، 73 - بەت.

ئاساسەن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ پارسچە نۇسخا نەسرۇللائىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھەمىد ئەبۇ مەئالى تەرىپىدىن (پادىشاھ سۇھەيلىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن) 1142 ـ، 1145 ـ يىللىرى قايتا ئىشلىنىپ «ئەنۋارى سۇھەيلى» دەپ ئاتالغان. بۇ نۇسخا بىلەن ئابدۇلھەزىم قەرىپ تەرىپىدىن 1937 ـ، 1938 ـ يىللىرى ئىشلەنگەن يەنە بىر پارسچە نۇسخا مەزكۇر ئەسەرنىڭ تۈرك تىللىرىدىكى نۇسخىلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. «كەلىلە ۋە دىمنە» نىڭ تۈركچە تۇنجى نۇسخىسى مەسئۇد دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئەبۇل مەئالى نۇسخىسىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن ئوسمانلىي تۈركچىسىدىكى نۇسخا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر بەگ شاھزادەئى ئايدىن يەنە ئەبۇل مەئالى نۇسخىسىغا ئاساسەن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ تەرجىمىنى نامەلۇم شائىر نەزمىلەشتۈرگەن. 16 ـ ئەسىردە سۇلتان سۇلايماننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئەلى چەلەبى دېگەن مۇدەررىس ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ «ئەنۋارى سۇھەيلى» سىنى ئوسمانلىي تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى «ھۇمايۇننامە» دەپ ئاتىلغان. 1726 ـ، 1727 ـ يىللىرى مۇفتى يەھيا ئەپەندى ۋە ئوسمانزاتلار «ھۇمايۇننامە» نى ئاددىيلاشتۇرۇپ قايتا شەرھلىگەن. 1889 ـ، 1902 ـ يىللاردا ئابدۇلئەزىم فائىزخان ئوغلى «كەلىلە ۋە دىمنە»نى ئەرەب تىلىدىن غەزانى (تاتار) تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ھىجرىيە 1130 ـ يىلى (1717 ـ يىلى) قەشقەر ھاكىم بېگى ئىمام مۇھەممەدنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە موللا مۇھەممەد تۆمۈر «ئەنۋارى سۇھەيلى»نى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلى (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى) غا تەرجىمە قىلغان ۋە «ئاسارى ئىمامىيە» دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويغان. ئەمما بۇ تەرجىمە ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىلەرنىڭ ئەڭ تۇنجىسى ئەمەس. ئۆزبېك ئالىمى غۇلام كەرىموف ئۆزىنىڭ «ھىندى مەسىلى ‹كەلىلە ۋە دىمنە› نىڭ ئۆزبېكچە ۋېرسىيەلىرى» دېگەن ماقالىسىدا تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىدۇ: «مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ‹كەلىلە ۋە دىمنە›نىڭ ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەڭ قەدىمكى تەرجىمىسى 8 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. پارسچىدىن چاغاتايچىغا (قەدىمكى ئۆزبېكچە) ئىفتىخارىددىن

مۇھەممەد بەكرى ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمىنىڭ بىر قولىيازما نۇسخىسى ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدىكى «ئىندىيە ئاففىس» كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئىنگلىز شەرقشۇناس ئېتىمنىڭ 1903 ـ يىلدا ئوكسفورد شەھىرىدە بېسىلغان «ئىندىيە ئاففىس كۇتۇپخانىسىدىكى پارسچە قولىيازمىلار كاتالوگى» ناملىق كاتالوگىدا (471 – 472) كۆرسىتىلىشىچە، تەرجىمان ئىفتىخارىددىن مۇھەممەد بەكرى موغۇل ھۆكۈمرانلىرىدىن ئۆگدەيخان ۋە ئۇنىڭ جىيەنى مەنگۇ خانلارغا يېقىن تۇرغان ۋە شۇلارنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەسەرنى چاغاتايچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇ ئەسەر موللا مۇھەممەد تۆمۈر تەرجىمىسىدىن بەش ئەسىر ئىلگىرىلا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بولغان بولىدۇ. 1809 ـ، 1810 ـ يىللاردا «كەلىلە ۋە دىمنە» شىرۋاندا ئەۋاز ئەلى ئىبن مەرھۇم ساقىي قۇلى تەرىپىدىن ئەزەربەيجانچىگە تەرجىمە قىلىنىدۇ. بۇ تەرجىمە مۇقەددىمىسىدە ئەبۇل مەئالى ۋارىيانتى «ئەنۋارى سۇھەيلى» ۋە «ئىيارى دانىش» ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈلىدۇ. شۇلاردىن «ئەنۋارى سۇھەيلى» ئەۋزەلرەك سانىلىدۇ. ئەزەربەيجان تەتقىقاتچىلىرى بۇ تەرجىمىنى «ئەنۋارى سۇھەيلى» دىن قىلىنغان دەپ ھېسابلايدۇ. ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندىدا «كەلىلە ۋە دىمنە»نىڭ موللا مۇھەممەد تۆمۈر تەرجىمىسىنىڭ قولىيازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرىدىن باشقا، يەنە بىرنەچچە ئۆزبېكچە تەرجىمىلىرىنىڭ قولىيازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرىمۇ ساقلانغان. بۇلار 1837 ـ، 1838 ـ يىللىرىدا خېۋە خانلىرىدىن ئاللاقۇلى خان ھۆكۈمدارلىقى دەۋرىدە خارەزمدە موللا مۇھەممەد نىياز پارسچىدىن ئۆزبېكچىگە قىلغان تەرجىمە ۋە تاشكەنتلىك موللا مۇھەممەد مۇسا ئەيسا قارى ئوغلى تاپشۇرۇقىغا بىنائەن قارىي فەيزۇللا (تەخەللۇسى ئەلمائى) تەرجىمىلىرىنىڭ قولىيازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت. ئەلمائىنىڭ تەرجىمىسى «ئەنۋارى سۇھەيلى» ۋە «ھۇمايۇننامە» ئاساسىدا 19 ـ ئەسىرنىڭ يېرىمىدا ئىشلەنگەن بولۇپ، 1901 ـ ۋە 1913 ـ يىللار ئىچىدە ئۈچ قېتىم تاش باسمىدا نەشر

قىلىنغان. 1960 - يىلى ر. سۇلتانوف «كەلىلە ۋە دىمنە»نى پارس تىلىدىن ئەزەربەيجان تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1966 - يىلىغا كەلگەندە، سۇيىمە غەنىيېۋا 1938 - يىلى ئىراندا چىققان ئابدۇلئەزىز قەرىب تەرجىمىسى ۋە ر. سۇلتانوفنىڭ ئەزەربەيجانچە تەرجىمىسى ئاساسىدا ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ تەرجىمە تاشكەنتتە 1966 -، 1977 -، 1988 -، 1992 - ۋە 1994 - يىللىرى بولۇپ بەش قېتىم نەشر قىلىنغان[1]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى موللا مۇھەممەد تۆمۈر تەرجىمىسىنىڭ قولىيازمىسىنى نىمەتۇللا ئەبەيدۇللانىڭ تەييارلىشىدا هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلدى. قولىمىزدىكى نۇسخا مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرنىڭ يۇقىرىقى تەرجىمە نۇسخىلىرى تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت هاياتىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، مىللىي ئەدەبىيات خەزىنىمىزنى رەڭدارلاشتۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ مەسەل ۋە چۆچەك ئىجادىيىتىگە تۈرتكە بولۇپ، ئۆز تەسىرىنى هازىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتە. دەسلەپكى قەدەمدىكى سېلىشتۇرمىدىن مەلۇم بولۇشىچە، «كەلىلە ۋە دىمنە» ئىچىدىكى ئون نەچچە پارچە هېكايە ئۇيغۇر خەلق مەسەل - چۆچەكلىرى بىلەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشاش[2]. ئۇندىن باشقا، ئۇيغۇر خەلق سېھرىي چۆچەكلىرى بىلەن هايۋانات چۆچەكلىرى ئىچىدە «كەلىلە ۋە دىمنە» هېكايىلىرىغا ئۆزىنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن قىسمەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياكى يېقىن كېلىدىغان ئەسەرلەر

---

[1] ئارزۇگۈل ئابدۇللا: ‹‹كەلىلە ۋە دىمنە› نىڭ تۈركىي تىللاردىكى تەرجىمىلىرى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ئۇيغۇرچە، 2005 - يىللىق 2 - سان، 38 - بەت.

[2] مۇھەممەتتۇرسۇن تۇردى: «بەشنامە ۋە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 -يىل 2 - سان، خەنزۇچە، 92 -، 93 - بەتلەر)؛ ياڭ جىيوڭ: «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ گۈلتاجىسى — ‹تۇتىنامە›»، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 97 -، 111 - بەتلەر؛ ليۇ شۇخۋا: ‹‹كەلىلە ۋە دىمنە› ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 516 -، 528 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

خېلى كۆپ (مېنىڭ مۆلچەرلىشىمچە، ئاز دېگەندىمۇ 20 دىن ئاشىدۇ) سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى چوڭقۇر سەۋەبلەرنىڭ بىرىنى «پانچاتانترا» (بەشنامە) نىڭ بۇددىزم دەۋرىدىلا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىغا باغلاپ چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ، مۇھىمى «كەلىلە ۋە دېمنە»نىڭ خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

«كەلىلە ۋە دېمنە» ھىندى براھمانىزمى، بۇددىزم مەدەنىيىتى، پارسلارنىڭ زورو ئاستىرىزم مەدەنىيىتى ۋە ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى، يۇغۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ دۇنياۋى تۈس ئېلىپ (ھەتتا ئۇنىڭدا يۇنان، رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبلىرى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ كۆڭزىچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان)، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنىۋى مۈلكىگە ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدىكى ئەڭ تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە نەمۇنىلەرنىڭ بىرى، دېيىشكە بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بىرنەچچە ئەسىر مابەينىدە خەلقىمىز ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى قەدىمكى ھىندىستاندىن چىقىپ، پارس ۋە ئەرەب فولكلورى بىلەن ئۆزىنى بېيىتىپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر يۈرۈش مەسەل ۋە چۆچەكلەرنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە بىر ئۇلۇش بولۇپ قېتىلىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# «كەلىلە ۋە دىمنە» دىن ھېكمەتلەر

1

پادىشاھنىڭ ئەدلى پۇقرالارنىڭ تەبىئىتىگە كۈچ كۆرسەتمىسە، يىتتىنخورلار زۇلمىنىڭ ياردىمى بىلەن ئامۇخاسنىڭ روزغار ئۆيىدىن تۇتۇن چىقىرىدۇ.

2

ئەگەر پادىشاھنىڭ ئىنساپ شامى دەردمەنلەرنىڭ قاراڭغۇ كۆلبىسىگە نۇر چۇشۇرمىسە، زالىملارنىڭ زۇلمىتى مەملىكەت ئىچىنى يامانلارنىڭ كۆڭلىدەك قارا ۋە قاراڭغۇ قىلىدۇ.

3

ئەدلۇ ئىنساپ بىلەن يۇرت سورىسا خاقان،
خاراب بولغان يۇرتمۇ بولغاي پاراۋان.

ئەگەر شاھ ئەدلىدىن قىلسا پۇشايمان،
زۇلۇمىدىن مەملىكەت بولغۇسى ۋەيران.

4

ھەربىر داڭلىق پادىشاھ مەملىكەتنىڭ بىرەر چوڭ ئىشلىرىنى قىلىشتا كامىل، دانىشمەن كىشىلەرنىڭ كېڭىشى بىلەن قىلىشى لازىم. ھەرقانداق يۇرت ئىشىنى بېجىرىشتە، ئاقىل ۋەزىرلەرنىڭ مەسلىھەت ۋە تەدبىرلىرىنى ئاڭلىشى، ئەگەر پۇقرالىرىدىن بىرەر

www.uyghurkitap.com

كەمچىلىك سادىر بولسا، ئۇنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، بۇ ئامانەت ئالەمنىڭ سەرمايىسى بولغان ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشى لازىم.

## 5

ئىسسىق ھارارەتلىك ھاۋادا كىشىگە ھەر تۈرلۈك كېسەل ۋە تەپ پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ھاۋادىن پەرھىز قىلماق ۋاجىپتۇر.

## 6

ياش چاغدا دەرەخ خۇددى گۈزەل قىزدەك تۇرار باغدا،
رەھىم قىلماي كېسەر باغۋەن دەرەخنى قېرىغان چاغدا.

## 7

جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل تەبىئەت ۋە مىجەزدە يارىتىلغان. ئادەم پەرزەنتلىرى بولسا بىر ـ بىرىگە زىت ۋە خىلاپ كېلىدىغان مىجەزدە يارىتىلغان. شۇ سەۋەبتىن ئىنساننىڭ روھى ۋە جىسمىغا لاتاپەت بىلەن كاساپەت، نۇر بىلەن زۇلمەت ئارىلاشقان بولىدۇ. ئالەمدە بار بولغان ئېسىللىق ۋە پەسلىككە ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرمۇ ئىنسان قەلبىنىڭ قاچىسىدىن مەلۇم ئورۇن ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەركىمدە بىر ئالاھىدە مىجەز پەيدا بولغان.

## 8

ھەركىم ئەقىل بىلەن بىر ئىش قىلسا يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئۇلۇغ دەرىجىلەرگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئەگەر نەپسىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنسا، ھايۋاندىن بەتتەر پەس ئورۇنغا چۈشۈپ، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خار ـ زارلىقتا قالىدۇ.

## 9

كىشلەرنىڭ كۆپچىلىكى نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، يامان خۇلق ۋە يارىماس ئىشلارغا قەدەم قويىدۇ ـ دە، ھېرىس ۋە ھەسەت، زۇلۇم ۋە

رىيا، غەيۋەت ۋە تۆھمەتكە ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشىدۇ.

## 10

قۇدۇق ئاستىغا كىرەر ئاقىل كىشى،
ياخشى بولۇر ئۇ يەردە كۆڭۈل ئىشى.

ياخشىراق قۇدۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقى،
تاپسا ئەلدىن بىر نەپەس ئاسايىشى.

## 11

تەبىئىتىگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك بىرەر مۇۋاپىق دوست تېپىلسا، تەنهالىقتىن سۆھبەت ئەلا.

## 12

بەزى كامىل دەرۋىشلەر ئۆزىدىن ئۆزى قاچىدۇ. ئۆزىگە ئۆزى مالال كېلىۋاتسا باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن نېمە پەرۋايى بار.

## 13

ئەگەر شەپقەتلىك رەپىقە بولمىسا، يالغۇزلۇق ياخشىراق.

## 14

دۇنيادىن ۋە ئادەملەردىن قېچىش ياخشى ئادەت ئەمەس.

## 15

ئادەمىزاتنىڭ تەبىئەتى تەبىئەت مەدەنلىرىدىن بەرپا بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر ـ بىرىگە قوشۇلماققا مايىل كېلىدۇ ۋە بىر ـ بىرىدىن ياردەم تىلەشكە ئېھتىياجى چۈشىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىر كىشى تائام پىشۇرماقچى بولسا، يا بىر كىيىم كىيمەكچى بولسا ئاۋۋال قازان

ياساش ۋە كەتمەن سوقۇش كېرەك بولىدۇ. شۇڭا، لاي ئېتىپ بىر قاچا ياساپ، ئۇنىڭدا سۇ ئېلىپ، كەكە سوقۇپ ئۇنىڭدا ئوتۇن كېسىپ، ھەر ئىشنى ئۆز تەرتىپى بىلەن قىلىش لازىم بولىدۇ. قازان ۋە كەكە سوقۇشقا بولقا، سەندەل، كۆرۈك ۋە تۆمۈر كېتىدۇ، ئاددىيسى كۆرۈك ياساش ئۈچۈنمۇ تېرە ئەيلەش كېرەك. تاغقا بېرىپ كۆمۈر ئېلىپ كېلىشكە تاغار توقۇش كېرەك. تاغار توقۇش ئۈچۈن يۇڭ تېپىپ ئۇنى ئېگىرىش كېرەك، يۇڭ تېپىش ئۈچۈن قوي ياكى تۆگە بېقىش كېرەك. قىسقىسى، ئەنە شۇنداق ئاۋارە بولۇش كېرەك. ئاشۇنداقلا بولسا بىرئادەم بىر كىمنىڭ ياردىمىسىز پۈتۈن ئۆمرى ئىچىدە بىرەر قېتىم ئاش پىشۇرۇپ يا يېيەلەيدۇ، يا يېيەلمەيدۇ. ھەتتا بەزى ئىشلارنى قىلالمايدۇ. شۇڭا، زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بىر كىم قازان ياسايدۇ، بىرى كەكە سوقىدۇ، بىرى كۆمۈر كۆيدۈرىدۇ. ئالاھەزەل قىياس، ھەركىم بىر ئىشقا مەشغۇل بولۇپ، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقىنى باشقىلارغا بېرىپ، بىر ئىقلىمنىڭ ئادەملىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ھايات كەچۈرگەچكە، ھەرقانداق ئىش ئاسانلىق بىلەن ھەل بولىدۇ. ئادەملەر بىر - بىرىگە زۆرۈر. يالغۇزلۇق بىلەن ھېچ ئىشنى پۈتكۈزگىلى بولمايدۇ. مانا بۇلار ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە ئېھتىياجى چۈشەندۈرۈلگەنلىكىنى، بىرلەشمىسە ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا تەنها ئولتۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ ۋە تەنها ئولتۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق.

## 16

ئادەملەر بىر - بىرىگە موھتاج بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشلىرىدىن ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ. چۈنكى، بەزىسى بەزىسىدىن كۈچلۈك بولغاچقا باشقىلارنى يېڭىشنى خالايدۇ. بەزىلەرنىڭ كۈچى ۋە پۇلى بولغاچقا ئۇلار باشقىلارنى ئۆز خىزمىتىگە سېلىشنى، باشقىلارنىڭ ھەممە مال - مۈلۈكلىرىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋېلىشنى خالايدۇ.

## 17

ھەربىر ئادەم ئۆز ھەققىگە قانائەت قىلىپ، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تەمە قىلماسلىقى لازىم، كىشىلەرگە زۇلۇم سالماسلىقى ۋە تەئەددى قىلماسلىقى لازىم.

## 18

سىياسەتنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بولسا ئادىللىقتۇر. ئادىللىق ــــ ئۇلۇغ مەرتىۋىگە يېتىشنىڭ ۋاسىتىسى، سىياسەتنى بېجىرىشتە بولسا ئوتتۇراھال دەرىجىدە يول تۇتۇش كېرەك.

## 19

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ توغرا ئىشلارنى بىلمەي نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ھالاكەتكە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، ئادىل ۋە قاتتىق قول پادىشاھ كېرەك.

## 20

غەرەزلىكلەر سۆز دېسە سالما قۇلاق،
كۆڭلىدەدۇر ئاداۋەتتىن سېسىق پۇراق.

بىر نەپەستە قىلغۇسى ئالەمنى ۋەيران،
قىلار بارچە كىشىنىڭ كۆڭلىن پەرىشان.

## 21

پادىشاھ دانالىق بىلەن چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ تەپتىش قىلسا، راستلىقنىڭ روشەنلىكى، يالغانچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن غالىب كەلسە، ھەم بۇ دۇنيا پادىشاھلىقىنىڭ ئاساسى زىياندىن خالىي بولىدۇ، ھەم ئاخىرەتتىن،

دوزاختىن قۇتۇلۇپ يۇقىرى دەرىجىلەرگە يېتەلەيدۇ.

## 22

ئەگەر ھەربىر ئەقىللىق پادىشاھ دۆلەت ئىشلىرىنى ھېكمەت يولىغا سېلىپ، ھۆكۈمالارنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىنى قۇلاقتا تۇتۇپ ئەمەل قىلسىمۇ، مەملىكەت ئاۋات ۋە پۇقرالىرى شادىمان بولىدۇ .

## 23

قانداق سۆزنى ئېيتىش بىلەن تەڭرىنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈرلەر بەجا قىلىنسا ۋە ئاڭلاش بىلەن ئامۇخاسقا پايدا - مەنپەئەت يەتسە، بۇ سۆز ناھايىتى مۇبارەك سۆز بولغان بولىدۇ.

## 24

ئەقىللىق كىشىنىڭ سۆزلىرى گويا،
ھېكمەتلەر ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى بولغاي.

ئېچىپ ئۇ خەزىنىنى ئالتۇن - كۈمۈش چاچ،
ئۇنىڭ كىم جەۋھىرى نەسىھەت بولغاي.

شۇنداق قىل نەسىھەت ، ئاڭلىسا شاھلار،
پۇقراغا كەڭچىلىك ياخشىلىق قىلغاي.

## 25

ساۋابلىق ئىشلارنىڭ ئىچىدە ھەممە ئىشتىن ساخاۋەت ۋە خەير - ئېھسان ياخشى.

## 26

سېخىيلىق تەۋپىق يولىنىڭ ئاچقۇسى،
قىيامەتتە ساڭا چۈشكەي سايىسى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېچى ئادرېسى

سېخىيلىق يولىنى تۇتقايسەن ھامان،
راۋان خەزىنىدىن ئىزدىسەڭ نىشان.

بەرمەي تۇرۇپ تاپمىقىڭ بولماس راۋان،
بۇ ھەقىقەتكە ئەقىل قىلماس گۇمان.

## 27

پادىشاھلار مەرھەمەتلىك نەزەرلىرىنى پېقىرلەردىن ئايىماي، بىر چەتتە قالغانلارنىمۇ ئەركىلىتىپ قويسۇن. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنى ئاشۇرىدۇ.

## 28

پېقىرلەرگە نەزەر سالماق ئۇلۇغلۇقنى زىيادە ئەتكەي.

## 29

كۆرمىگەي ھېچ مەنپەئەت ھەركىم قانائەت قىلمىسا،
تاپمىغاي دۇنيا ۋە دۆلەت كىم قانائەت قىلمىسا.

## 30

زەر ۋە گۆھەرلەرگە ھېرىس بولماق ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس، چۈنكى بايلىق دېگەن ئامانەت نەرسىدۇر. ھەركىم بىراۋنىڭ قولىغا ئۆتەر ۋە ھېچكىمگە ۋاپا قىلماس.

## 31

قىلما ئارزۇ ئۇشبۇ دۇنيا سۆھبىتىنى زادىلا،
ھېچ كىشىگە ھېچقاچان ئۇ ئەيلىمەس ئەسلىي ۋاپا.

ئالدىنىپ بۇ كور ياخاق دەۋرانغا بولما كۆڭلى توق،
شاكىلى ئىچىدە ئۇنىڭ زەررە ۋاپانىڭ مېغىزى يوق.

## 32

ئىتتىپاق بولسا پۈتۈن جاھاننى ئالغىلى بولۇر.

## 33

ياخشى ئىشقا دالالەت قىلغۇچى ساۋابتا شۇ ياخشى ئىش قىلغۇچى بىلەن باراۋەردۇر.

## 34

ئويلىماي قىلغان سۆز قاتلىمىغان بۆزگە ئوخشايدۇ.

## 35

ئۆز ۋەتىنىدىن ئاجرالماق بالالارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. ئادەمنىڭ كۆز قارىچۇقى دائىم ئۆز ئۆيىدىن تاشقىرىغا چىقمىغانلىقى ئۈچۈن، باش ئۈستىدىن ئورۇن ئالغان. ئادەمنىڭ كۆز ياشلىرى ئۆز ئورنىدا تۇرماي، ئېقىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئاياغ ئاستىغا چۈشۈپ پايمال بولىدۇ.

## 36

ھوشيار كىشى راھەتنى قويۇپ مۇشەققەتنى كۆزلىمەسلىكى كېرەك ۋە نېسىي نەرسىنى دەپ نەقنى قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك.

## 37

سەپەر دېمەك زەپەر دېمەك.

## 38

ئەگەر شەمشەر غىلاپتىن چىقمايدىغان بولسا، مەردلەر مەرىكىسىدە يۈزى قىزارمايدۇ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## 39

ئاسمان ھەمىشە سەپەردە يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ھەممىدىن ئېگىز تۇرىدۇ.

## 40

غېرىب بولماق — رەنج - مۇشەققەتكە قالماقتۇر.

## 41

يار ۋە دىياردىن ئايرىلماق — ئۆزىنى ئوتقا سالماقتۇر.

## 42

سەپەر دېگەن پىراقتىن باشقا مېۋە بەرمەيدىغان دەرەخ، غۇربەتچىلىك دېگەن كۆز يېشىدىن باشقا يامغۇر ياغدۇرمايدىغان بۇلۇتتۇر.

## 43

كىشىنىڭ سەپەرنى كۆڭلى تارتقان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ مۇشەققەتلىرى قىلچە بىلىنمەيدۇ. پۈتۈن ئەس - يادى يوللاردىكى ئاجايىپ - غارايىپلار بىلەن بولسا، يولنىڭ كۆلپىتى كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ.

## 44

جەھەننەمدىن نىشاندۇر دوستلار ۋەسلىدىن ئايرىلماق،
غەلەت ئېيتتىم جەھەننەم بىر نىشاندۇر ئۇ جۇدالىقتىن.

## 45

ھەرقانداق تەبىئەتى خام كىشى ئۈمىد پۈتى بىلەن مۇراد مەيدانىدا يۈگۈرەيدىغان بولسا، سەپەر جاپاسىنىڭ ئوتى ئۇ كىشىنى

پىشۇرىدۇ. شۇڭا، پىشاي دېگەن كىشى كۆپ سەپەر قىلىسا بولىدۇ.

**46**

قازاغا رىزادىن باشقا ئىلاج يوق.

**47**

ئەگەر كىشى غۇربەتچىلىكتە جاپادا قالسا، ئەدەپلىك ۋە پاكىز بولۇپ قالىدۇ. غۇربەتچىلىكتە كىشىگە پۈتۈن بىر ئۆمۈر پايدا يەتكۈزىدىغان تەجرىبىلەر ھاسىل بولىدۇ.

**48**

قارچىغا بىر يەردە توختىماي ئۇچۇپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قونىدىغان جايى پادىشاھلارنىڭ قولى. ھۆۋقۇش ئۆز ۋەيرانىسىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئەسكى تاملىقتىن ئورۇن تۇتقان.

**49**

ھەر كىمكى سەپەر قىلسا ياران بولۇر،
ئەل ئىشىغا مۇكەممەل ئادەم بولۇر.

ئالەمدە سۇدىن پاك ھېچ نەرسە بولماس،
ئاقماي تۇرسا ئۇ مەينەت ھارام بولۇر.

**50**

ھەر مەخلۇق ئۆز خۇيىنى قىلىدۇ.

**51**

خالايىقلار تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ياكى بىرەر ئوزۇق ـ ئوقەت تېپىش ئۈچۈن، ياكى بولمىسا ئۆز يۇرتىدا ياشاش قىيىن

بولغانلىقىدىن سەپەرنى ئىختىيار قىلىدۇ.

52

ھەرقانداق شەيئى ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ.

53

ھېرىس مەھرۇملۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ.

54

قانائەت قىلمىغان ئادەم راھەت كۆرەلمەيدۇ.

55

ئېھ مېھرىبان دوستۇم! دۇنيا ئەھلىنىڭ قانائەت ئۆيىدىن ۋاز كەچمىگەن، ھېرىس قاچىسى گۆر توپىسىدىن باشقا نەرسە بىلەن تولمايدۇ. تەمە ۋە تىلەك كۆزىنى پانا يىگىنىسى ۋە ئەجەل يىپىدىن باشقا نەرسە بىلەن تىككىلى بولمايدۇ.

56

ھەربىر ئەرنى قانائەت قىلغۇسى ئەر،
ھېرىس قىلسا ئەگەر باي، ھالىغا ۋاي.

كىشىدە بولمىسا ئىمان ۋە ئىتائەت،
خۇدا بەرگەنگە قىلماس ھېچ قانائەت.

57

ئەيلىمەس ئىشق ئەھلىگە پەند ـ نەسىھەت قىلچە كار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 58

يېمەك ـ ئىچمەككىلا قانائەت قىلىش ئەقىلسىز ھايۋانلارنىڭ ئادىتى.

## 59

ئەگەر كىشى ئۇلۇغلۇق تەختىدە ئولتۇراي دېسە، چوڭ ئىشلارغا ئۆزىنى تەييار قىلىشى كېرەك. ئەگەر يولباشچىلىق تاجىنى بېشىغا كىيمەكنى خالىسا، ھىممەت كەمىرىنى بېلىگە چىڭ باغلىشى كېرەك.

## 60

يۇقىرى ھىممەت پەس خۇلق ۋە خەسىس ئىشلارغا رازىلىق بەرمەيدۇ ۋە ئالىي تەبىئەت پەسلىك ماكانىنى تۇتماقنى كۆڭلى كۆتۈرمەيدۇ.

## 61

سىنىڭ كاللاڭغا كىرىۋالغان قۇرۇق خىيال ۋە قۇرۇق ئارزۇ بىلەن ھېچ نەرسە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بۇ ھەۋەسىڭنىڭ قازىنى تەمەننا بىلەنلا قاينىمايدۇ ۋە لازىمەتلىكلىرى تەييار بولمىسا ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ. چۈنكى، مۇقەددىمىسى بولمىغان ھېچقانداق نەتىجە بولمايدۇ.

## 62

يېتەلمەسسەن ئۇلۇغلۇقنىڭ ماقامىغا،
تەييارلىماي ئۇلۇغلۇقنىڭ ئەسۋابىنى.

## 63

ياشلىق دەۋرى گۆدەكلىك ۋاقتىغا ئوخشىمايدۇ.

## 64

پادىشاھ بىر مەملىكەتنىڭ چوڭى بولغانلىقتىن، پۈتۈن ئالەم ئەھلىنىڭ راھىتى پادىشاھلارنىڭ سالامەت بولۇشىغا باغلىقتۇر.

## 65

مۇشەققەتكە چىداش ئەرنىڭ ۋە شىرنىڭ ئىشى.

## 66

پادىشاھلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرىتىنىڭ ئېتىكىگە مۇشەققەت تىكىنى چاپلاشمىسا، پۇقرالارغا پاراغەت گۈلىستانىدا مېھنەت گۈلى ئېچىلمايدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر.

## 67

پادىشاھلارنىڭ ھىممىتىنىڭ پۈتى بالا ـ قازا باياۋانىغا قەدەم قويمىسا، تىنچسىز دەرۋىشلەر بېشىنى راھەت ياستۇقىغا قويالمايدۇ.

## 68

ئاللاتائالانىڭ بەندىلىرى ئىككى قىسىم بولىدۇ: بۇنىڭ بىرى، پادىشاھلار بولۇپ، ئۇلارغا پەرمان يۈرگۈزۈش ۋە مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئىززىتىنى بەرگەن؛ يەنە بىرى، پۇقرالار بولۇپ، ئۇلارغا خاتىرجەملىك ۋە راھەتتە ياشاش شەرىپىنى بەرگەن. بۇ ئىككى تائىپىنىڭ ئەھۋالى بىر كىشىدە جەم بولالمايدۇ. ياكى راھەتنى ئىختىيار قىلىپ، ئىززەت يۈزىنى تاپماق كېرەك، ياكى مۇشەققەت تارتىپ دۆلەت مەرتىۋىسىنى تاپماق كېرەك.

## 69

مۇشەققەت تارتماق ئۇلۇغلۇق تاپماقنىڭ ۋاسىتىسىدۇر.

70

مۇشەققەت تۇلپارىغا مىنمەي تۇرۇپ مەنپەئەت ھوسۇلىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

71

ئەگەر بىر كىشى ھەممەت مەيدانىدا تىرىشچانلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرسە ۋە جاپاغا چىداپ، راھەت ـ پاراغەتتىن ئۆزىنى تارتسا، باشقىلاردىن تېززەك مەقسىتىگە يېتىدۇ ۋە مۇرادىنىڭ كۆزىگە مەقسىتى ئۆز يۈزىنى كۆرسىتىدۇ.

72

مېنى پادىشاھقا يېقىن قىلغان مېنىڭ پادىشاھنىڭ قېشىدا كۆتۈرگەن تىرىشچانلىق بايرىقىمدۇر.

73

ئەگەر كىشىنىڭ سەل ـ پەل ئەقلى ـ ھوشى بولىدىغان بولسا، مۇشەققەت بىلەن پۈتكۈزگەن ئىمارىتىنى بىپەرۋالىق بىلەن بەربات ۋە ئاسانلىق بىلەن ۋەيران قىلمايدۇ.

74

رەنج ـ مۇشەققەتكە چىدام بەرمەي تۇرۇپ، زەر ـ گۆھەر خەزىنىسىگە يەتمەك مۇمكىن ئەمەس ۋە تىكەن جاپاسىنى چەكمەي تۇرۇپ، گۈلزار تاماشاسى قىلماق ئاسانغا چۈشمەس.

75

ھېچقانداق كىشى سەئى سەۋەب قىلمىسا، مۇراد ئاپتىپى ئۈمىد شەرقىدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ. ھەرىكەت قىلماي تۇرۇپ كىشى ئۈمىد

مۇقەددىمىسىدىن ھوسۇل نەتىجىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

## 76

مېنىڭ سەپەر قىلىشتىكى مەقسىتىم، ئىلىم تەلەپ قىلىش بولغاچقا، رەنج ـ مۇشەققەت قورقۇنچىسى بىلەن رايىمنى ياندۇرمايمەن ۋە ئالىي ھىممىتىم مىنگەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى بۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەرگىز كەينىمگە بۇرىمايمەن.

## 77

ۋەج دېگەن بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سەرمايىسىدۇر. ھەر قانداق مەقسەتنى ۋەج ۋاستىسى بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

## 78

ياخشى كىشىدە ھالال ۋەج بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

## 79

ۋەج دېگەن ناھايىتى كۆپ تەلەپ بىلەن قولغا كېلىدىغان نەرسە. بىرەر كەسىپ ياكى تەلەپ قىلماي تۇرۇپ ۋەج تېپىش مۇمكىن ئەمەس. بەزىبىر كىشىلەر مۇشەققەت چەكمەي تۇرۇپ ۋەج تاپقان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەي قولدىن بېرىپ قويىدۇ. دېمەك بىكار يۈرمەي كەسىپكە تۇتۇش قىلىڭلار.

## 80

بۇ دۇنيادا ۋاستە ۋە سەۋەب بىلەن ئىش پۈتكۈزگىلى بولىدۇ.

## 81

كەسىپنىڭ مەنپەئىتى تەۋەككۇلنىڭ پايدىسىدىن ئارتۇق بولىدۇ. چۈنكى، تەۋەككۇل قىلغاندا ئەنە شۇ تەۋەككۇل قىلغۇچىدىن باشقا

www.uyghurkitap.com

كىشى پايدا كۆرەلمەيدۇ. كەسىپ ۋە سەۋەب قىلغاندا بولسا، بۇنىڭ ھەم ئۆزىگە، ھەم باشقىلارغا پايدىسى تېگىدۇ. باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش دېگەن ناھايىتى ياخشى ئىش. دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگەن كىشىدۇر.

## 82

ئەگەر بىر كىشىنىڭ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگۈدەك قۇدرىتى بار تۇرۇقلۇق كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزمىسە، بەلكى ئۆزى باشقىلاردىن مەنپەئەتلەنسە، ئۇنداق كىشىگە ئەيىب ئەمەسمۇ؟

## 83

ھەممە كىشىلەر سەۋەب پەردىسىنى ئېچىپ تاشلاشقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ. كىشىگە يارىغۇدەك تەۋەككۇل شۇكى، سەۋەبنى قولدىن بەرمەي، تەۋەككۇل مۇقامىدا چىڭ دەسسەپ تۇرۇش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا «كاسىپ كىشى خۇدانىڭ دوستىدۇر» دېگەن سۆزنىڭ پەيزىدىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ.

## 84

مال ـ دۇنيا جۇغلىماق ئاسان، لېكىن ئۇنى ئاسراپ ساقلاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدا ئېلىش قىيىن ئىش.

## 85

ئەگەر ھەركىمنىڭ تاپاۋىتى بولمىسا، لېكىن بارنى خەجلەۋەرسە ياكى تاپاۋىتى بولسىمۇ خىراجىتى تاپاۋىتىدىن ئارتۇق بولسا، ئاقىۋەت ئۇ موھتاجلىققا چۈشۈپ قالىدۇ.

## 86

ھەر قانداق كىشى كىرىمىگە بېقىپ چىقىم قىلىشى كېرەك.

دەسمايىسىنى ياخشى ساقلاپ ئۇنىڭ پايدىسىدىن مەنپەئەتلىنىش كېرەك.

## 87

ھەممە ئىشتا ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ياخشى، بولۇپمۇ مەئىشەت بابىدا شۇنداق قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر. شۇڭا، مال ـ دۇنيا تېپىپ، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ، پايدا تاپقان كىشى مۇنۇ ئىككى قائىدىگە رىئايە قىلىشى كېرەك: ئۇنىڭ بىرى شۇكى، ئىسراپ قىلىش ۋە بىھۇدە خەرج قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىش كېرەك. بۇنداقتا پۇشايمان يەپ قېلىشتىن ۋە خالايىقنىڭ تەنە قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ھەقىقەتەنمۇ مال ـ دۇنياسىنىڭ ھېساباتىنى بىلمەي، ئىسراپ قىلىش شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىندۇر. ئىسراپخورلار شەيتاننىڭ تۇغقانلىرىدۇر.

## 88

ئەگەر بىر كەم يۇقىرى دەرىجىلەرگە يېتىشكەن بولسا، ئەگەر ئۇنىڭ ئۆمرى گۈلگە ئوخشاش قىسقا بولسىمۇ، ئەل ئۇنىڭ ياخشى سۈپىتىنى يادلايدۇ. ئۇنىڭ نامى ئۇزاققىچە ئۆچمەيدۇ. ئەگەر بىر كىمنىڭ ھىممىتى پەس بولسا، ئۇ خۇددى قارىغاينىڭ بەرگىدەك ئۇزاق ياشىسىمۇ، ئۇنىڭ كىشىلەر ئالدىدا ئېتىبارى بولمايدۇ، قاتارغا ئۆتەلمەيدۇ.

## 89

ئۇلۇغلۇقنىڭ دەسمايىسى ئەقىل ۋە ئەدەپتۇر.

## 90

ھەرقانچە ئېسىل ۋە يۇقىرى نەسەبلىك بولغانلارمۇ ئەقلى كەم ۋە غەيرەتسىز بولسا، چوقۇم يۇقىرى دەرىجىدىن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ

قالىدۇ.

## 91

يۇقىرى مەرتىۋىگە چىقىش ناھايىتى مۇشەققەت بىلەن قولغا كېلىدۇ، لېكىن ئىززەت ـ ھۆرمەتتىن خارلىق مەرتىۋىسىگە چۈشۈش ناھايىتى ئاسان. بۇ خۇددى ئېغىر تاشنى ناھايىتى كۆپ جاپا بىلەن ئۆشنىگە ئالغىلى بولسىمۇ، كىچىككىنە ئىشارەت بىلەنلا يەرگە تاشلىۋەتكىلى بولغاندەك بىر ئىش.

## 92

جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدىيالايدىغان يۇقىرى ھىممەتلىك كىشىلەرلا ئۇلۇغلۇق مۇقامىغا يېتىشەلەيدۇ.

## 93

ھەر كىشى «خاتىرجەملىك راھەت» دەپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرسا، ئاخىر ئىززەت ـ ئابرۇيىدىن ئاجراپ، خارلىق كوچىسىدا قان يۇتىدۇ.

## 94

ھەر كىم «مەشھۇر بولۇپ ئاتاق چىقىرىش ئامەتتۇر» دېگەن سۆزدىن قورقمىسا، ئازغىنا ۋاقىتتا مۇراد گۈلى ئېچىلىپ، ئىشرەت تەختىدە ئورۇن تۇتالايدۇ.

## 95

چوڭ خەتەرگە ئۆزىنى ئۇرۇش، خىيالىي مەنپەئەت ۋە ۋەھىمىلىك پايدىنى كۆزلەپ، ئۆزىنى بوندا چوڭ ھالاكەتكە سېلىش جاھىللىقنىڭ ئالامىتى.

96

ھەرقانداق ھوشيار كىشى گۇمانسىز زەھەر يېمىگەندەك، گۇمانلىق تەرياقمۇ يېمەيدۇ ۋە نېسى راھەت ئۈچۈن نەق جاپاغا ئۆزىنى تۇتۇپ بەرمەيدۇ.

97

جاپادىن قېچىش موھتاجلىق ۋە خارلىقنىڭ مۇقەددىمىسى. جاپا ـ مۇشەققەت بولسا دۆلەت ۋە ئىززەتنىڭ نىشانىسى.

98

يۇقىرى ھىممەتلىك ئەر ئاسانلىق بىلەن بېشىنى ئەگمەيدۇ ۋە ئازغىنا ئوزۇققا قانائەت قىلىپ ئولتۇرۇۋەرمەيدۇ، تاكى ئۇلۇغ مەرتىۋىنى قولغا كەلتۈرمەي ئارام ئالمايدۇ.

99

قىيىنچىلىق تىكىنىنىڭ جاپاسىنى چەكمەي تۇرۇپ شادلىق گۈلىنى ئۈزگىلى بولمايدۇ.

100

مۇراد خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى رەنجۇ مۇشەققەت ئاچقۇچىنى تۇتماي تۇرۇپ ئاچقىلى بولمايدۇ.

101

پايانى مەلۇم بولمىغان يولدا يۈگۈرۈش ۋە قىرغىقى كۆرۈنمەيدىغان دەرياغا ئۆزىنى ئۇرۇش ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەگەر بىر كىشى بىر ئىشنى باشلىماقچى بولسا، ئۇنىڭ بىر تەرىپىنى كۆرۈپلا قالماي، ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە قاراپ، ھەممە شۇنداق بولغاندىلا

بىھۇدە مۇشەققەت يۈكىنى كۆتۈرمەيدۇ ھەم ئەزىز ئۆمرىنى زايە قىلمايدۇ.

## 102

يەرگە دەسسەپ تۇرالمىساڭ ئەگەر مەھكەم،
قويمىغايسەن ئاشۇ يولغا ئەسلا قەدەم.

كىرەر بولساڭ ھەر ئېھتىمال ھازىر بول،
كۆزلىگەيسەن چىقماق ئۈچۈن بىر توغرا يول.

## 103

سەندە مەي ئىچمەككە قۇۋۋەت بولمىسا،
كەل تاماشا ئەيلە مەسلەر ھالىنى.

## 104

نازۇ نېمەت شەربىتىنى ئىچىش جاپا نەشتىرىنىڭ ئازارىسىز قولغا كەلمەيدۇ؛ ھەر كىشىنىڭ كۆڭلىگە يۈقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈش سەۋداسى چۈشكەن بولسا، ئۇ ھەرقانداق بىر پەس كىشىگە ئاياغ - ئاستى بولمايدۇ، تۆۋەن مەرتىۋە ۋە خارلىق ئورنىغا قانائەت قىلمايدۇ.

## 105

ھەركىمنىڭ ئۆز ھۈنىرىگە ئىشەنچىسى بولسا، ھەرقانداق مۇھىم ئىشنى باشلىسىمۇ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

## 106

ئەگەر كىشىنىڭ بېشىغا دۆلەت كەلسە، دۆلەت ئۆزى يول كۆرسىتىپ ئىشلىرى روناق تېپىۋېرىدۇ.

## 107

پادىشاھلار پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگىلا ھۆرمەت قىلىۋەرمەيدۇ، بەلكى ئۇرۇق ـ ئەۋلادىدىن تارتىپ پادىشاھقا خىزمەت قىلىپ، ئۆز پەزىلىتى ۋە ھۈنىرى بىلەن خىزمەتكارلىق ھەققىنى ئادا قىلغان كىشىلەرگىلا ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ.

## 108

ھەرقانداق كىشى پادىشاھنىڭ مۇلازىملىقىنى قىلىپ يۇقىرى مەرتىۋە تاپماق بولسا، ئۇ مەرتىۋىنى قەدەممۇ قەدەم ئۆرلەش بىلەن تاپىدۇ.

## 109

مەن پادىشاھلارنىڭ دەرگاھىدا مۇلازىم بولغان كىشىلەرنىڭ بەش تۈرلۈك ئىشنى قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىمەن. بىرىنچىسى، ئاچچىق ۋە غەزەپ ئوتىنى ياۋاشلىق سۈيى بىلەن ئۆچۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ھەزەر قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىسى، كىشىنى ئالدايدىغان ھېرىس ۋە پىتنە پەيدا قىلىدىغان تەمەنى كىشىگە توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئەقىلدىن غالىب ئورۇنغا قويماسلىق كېرەك. تۆتىنچىسى، ھەرقانداق ئىشنى راستلىق ۋە دىيانەت بىلەن قىلىش كېرەك. بەشىنچىسى، ھەرقانداق بىر ھادىسە يۈز بەرسە، ئۇنى مۇلايىملىق ۋە مادارا بىلەن ھەل قىلىش كېرەك. قانداق ئادەم بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىگە لازىم بىلسە، ئەلۋەتتە ياخشىلىق بىلەن مۇرادىغا يېتىدۇ.

## 110

ھەرقانداق ھۈنەر ئاشكارىلانماي قالمايدۇ ۋە ھېچقانداق ھۈنەرۋەن تەربىيىدىن بەھرىسىز قالمايدۇ.

## 111

ھۇنەر گويا ئىپاردۇر قالىمغاي ئۇ ھېچقاچان پىنھان،
جىمى ئىنسان ئۇنىڭ خۇشبۇيىدىن تاپقاي خەۋەر شۇئان.

جاھاندا ھاسىل ئەيلە بىر پەزىلەتلىك ھۇنەر تاكى،
پەزىلىتىڭ تامامى يەر يۈزىگە بولغۇسى ئەپشان.

## 112

ھۆكۈمالار «ئۈچ ئىشقا قەدەم قويۇش نادانلىق» دەپ ئېيتىشقان. ئۇنىڭ بىرى، پادىشاھلار خىزمىتىگە يېقىنلاشماق؛ ئىككىنچىسى، گۇمان بىلەن زەھەر ئىچمەك؛ ئۈچىنچىسى، خوتۇن كىشىگە سىر ئېيتماق.

## 113

ئالىملار پادىشاھنى ئېگىز تاغقا ئوخشىتىدۇ. گەرچە تاغدا قىممەتلىك جاۋاھىر كانلىرى بولسىمۇ، يەنە شۇ تاغدا ئېيىق، بۆرە، يولۋاس ۋە يىلان ـ چاياندەك زەھەرلىك نەرسىلەرمۇ بار، تاغقا چىقماقمۇ تەس ھەم تاغدا ئورۇن تۇتماقمۇ قىيىن، يەنە «پادىشاھلارنىڭ سۆھبىتى دەريادىكى سەپەرگە ئوخشايدۇ» دېگەن گەپمۇ بار. چۈنكى، سودىگەر دەريادا سەپەر قىلسا ياكى ناھايىتى كۆپ پايدىنى قولغا كەلتۈرىدۇ، ياكى غەرق بولۇپ ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ.

## 114

ھەرقانداق ئادەم خەتەرلىك ئىشقا ئۆزىنى ئۇرالمىسا، يۇقىرى مەرتىۋىگە چىقالمايدۇ.

## 115

يىغىنە ئىلەلەيدىغان ئىشنى نەيزە قىلالمايدۇ. ئاجىز قەلەمتىراچ قىلالايدىغان ئىشنى چوڭ قىلىچ قىلالمايدۇ. ھېچقانداق قەدىر ـ قىممىتى يوق خىزمەتكارمۇ زەرەرنى يوق قىلىش ياكى مەنپەئەت پەيدا قىلىشتا كارغا كېلىپ قالىدۇ. بىر پارچە شېشىق خار بولۇپ يولدا ياتقان بولسا، شۇنىڭمۇ بىر كۈنى كارغا ياراپ قېلىشى ئېھتىمال، ئەگەر ھېچنېمىگە يارىمىسىمۇ بىر چىش كولىغۇچ ياساپ، چىش كولىغىلى ياكى قۇلاق كولىغۇچ ياساپ، قۇلاقنىڭ كىرىنى ئالغىلى كارغا كەلسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

## 116

ھۈنەرۋەن كىشى گەرچە ئۆزىنى يوشۇرۇپ يۈرسىمۇ، ئۇنىڭ ئەقلى ۋە دانىشمەنلىكى ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئاشكارا قىلىپ قويىدۇ، بۇ خۇددى ئوتنىڭ يالقۇنىغا ئوخشاش، ئوتنى ياندۇرغۇچى ئۇنى پەس ياندۇراي دېسىمۇ ئوت ئۆزى تېخىمۇ ئېگىز كۆيگەندەك بىر ئىش.

## 117

پادىشاھلار كىشىلەرگە تەربىيەت قىلىشتا، ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە قاراش كېرەك. نامۇنەسەبكە قارىماسلىق كېرەك. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قىلغان خىزمىتىنى كۆزدە تۇتۇپلا ئىلتىپات قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، ھەر كىشى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھۈنەر ـ قابىلىيىتى بىلەن تونۇلىدۇ.

## 118

ئۇرۇق يەرگە كۆمۈلگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ھېچكىم نەزەر سالمايدۇ. قاچانكى تۇپراق نىقابىدىن يۈز كۆرسەتسە، ئاندىن ئۇنىڭ مېۋىلىك ئۆسۈملۈك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ كىشىلەرگە نەپ يەتكۈزۈشىدە شەك يوق

ئىكــەنلىكى مــەلۇم بولــىدۇ ـ دە، پــەرۋىش قىلىنىشقا باشــلايدۇ ۋە ھوسۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا نەزەر سالمايدۇ.

## 119

چاشقان خالايىقلار بىلەن بىللە ياشىسىمۇ، ئۇنىڭدىن زىيان يېتىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەممە ئادەم ئۇنى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. قارچىغا خەلقتىن يىراق ياشايدىغان ۋەھشىي جانىۋار بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەت كېلىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ناھايىتى ئىززەت بىلەن قولغا كەلتۈرىدۇ.

## 120

پادىشاھلار ئۆز يېقىنلىرى ۋە دوستلىرىغا ئەمەس، بەلكى ئاقىل ۋە دانىشمەن كىشىلەرگە نەزەر سېلىشى كېرەك.

## 121

ھەرقانداق كىشى ھۈنەر ـ قابىلىيەتسىز ۋە ئىش بىلمەيدىغان بولسا، ئۇنى پازىل ئەرەنلەر ۋە كامال كىشىلەردىن ئارتۇق كۆرمەسلىكى كېرەك. ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ مەنسەپلىرىنى بىئەقىل كىشىلەرگە بەرمەك خۇددى سەللىنى پۇتىغا ئورىغاندەك ۋە ئۆتۈكنى بېشىغا كىيگەندەك بىر ئىش.

## 122

ھەرقانداق مەملىكەتتە پازىل ۋە دانىشمەن كىشىلەر زايە بولۇپ كەتسە ۋە جاھىللار ئىختىيار تىزگىنىنى قولغا ئالسا، ئۇ مەملىكەتكە چوڭ نۇقسان يېتىدۇ. ئۇنىڭ شۇملۇقى شاھلار ۋە پۇقرالارنىڭ ھەممىسىگە باراۋەر تېگىدۇ.

123

پادىشاھ دېگەن ھەرقانداق قاتتىق بورانمۇ مىدىرلىتالمايدىغان ھالەتتە قاتتىق دەسسەپ تۇرۇشى كېرەك.

124

ھەرقانداق يۇقىرى ئاۋازغا ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشكە ئىلتىپات قىلغۇلۇق ئەمەس.

125

ھەرقانداق سۈرەت مەنىدىن دالالەت بېرەلمەيدۇ ۋە ھەركىمنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئوخشىمايدۇ. قومۇش ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ، كىچىككىنە ياغاچ بىلەن سۇنىدۇ. قۇرغۇي ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ، قارچىغىنىڭ چاڭگىلىغا گىرىپتار بولىدۇ.

126

ھىجىيىپ تۇرغان كىشىدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

127

قاتتىق بوران ئاجىز گىياھلارنى ئۇچۇرۇپ كېتەلمىسىمۇ، چوڭ دەرەخلەرنى قومۇرۇپ تاشلىيالايدۇ.

128

ھەركىم ئۆز مەسلىھەتىنى ئۆزى ياخشى بىلىدۇ.

129

بۇزرۇكلەر «ئاقىللار بەش ئىشقا ئالدىرىسا بولىدۇ» دەپ

www.uyghurkitap.com

ئېيتىشقان. بۇنىڭ بىرىنچىسى، مەنسەپ ۋە مەرتىۋە تەلىپىدە، ئەگەر ئۇنىڭغا يېتىشىش مۇمكىن بولىدىغان بولسا؛ ئىككىنچىسى، زەرەردىن قېچىشتا؛ ئۈچىنچىسى، ئۆز مەنپەئىتىنى قوغداشتا؛ تۆتىنچىسى، ئۆزىنى بالا ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا؛ بەشىنچىسى، نەپ ئالماق ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئالماقتا ئالدىرىسا بولىدۇ.

## 130

زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئەگەر ئىنتىقام ئالسا ئۇنىڭغا جازا كەلمەيدۇ. ئەگەر ئازار يەتكۈزگۈچىگە ئازار بەرسە زەرەر تارتمايدۇ.

## 131

ھىيلە كۈچ - قۇۋۋەتتىن كۈچلۈكرەكتۇر.

## 132

ئەقىللىق كىشى دۈشمەنىنىڭ سۈيىقەستىدىن ۋاقىپ بولسا، ھەرىكەت قىلىشى كېرەك، ئەگەر ھەرىكەت قىلمىسا ئۆز خۇنىغا شېرىك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سۈيىقەستتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسا، دۈشمىنى ئۇستىدىن زەپەر قازىنىدۇ، مەردانىلىقىنىڭ شۆھرىتى ئالەمگە تارقىلىدۇ ۋە بىغەيرەتلىكنىڭ تەنىسىنى ئاڭلىمايدۇ.

## 133

كۆپ كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھىيلە - مىكرىسى بىلەن ئۆزى ھالاك بولىدۇ.

## 134

دوستلارنىڭ بۇيرۇقىدىن ۋە ئەقىللىقلارنىڭ مەسلىھەتىدىن چىققىلى بولمايدۇ.

135

ھەر قاچان ئۆيگە مېھمان كەلسە ئۆز رىزقى بىلەن كېلىدۇ.

136

مەككارلىق ئوقىنى دوستلۇق ياسى بىلەن ئاتسا دەل تېگىدۇ.

137

دۈشمەن ھەرقانچە زور بولسىمۇ، غەپلەتتە قالغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا قول سالسا بولىدۇ.

138

ئەقىللىق كىشى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن غوجىسىنى رەنجىتمەيدۇ.

139

قۇلاققا ياقمايدىغان ھەرقانداق سۆزنى سۆزلەشتە كۆپ ئويلاش ۋە ئەندىشە قىلىش كېرەك. ئەگەر ئاڭلىغۇچى بىئەقىل بولسا ياكى ئۇنىڭ پاراستىگە ئىشەنچ بولمىسا، سۆزلىگۈچىنىڭ ھالىنى مۇلاھىزە قىلالىغۇدەك بىر سامى كېرەك بولىدۇ. ئاڭلىغۇچى سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئويلاپ، گەپ - سۆزىنىڭ مەنىسى مېھرىبانلىق بولىدىغان بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلىش كېرەك، خۇسۇسەن ئۇنىڭغىمۇ مەنپەئەت تېگىدىغان سۆزلەردە تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك.

140

ئادەملەر ئىككى گۇرۇھ بولىدۇ: بۇنىڭ بىرى، ھوشيارلار؛ يەنە بىرى، ئاجىز - ناتىۋانلار. ھوشيارلار ھەمىشە پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىشنىڭ

ئاخىرىدىن ئەندىشە قىلىپ تۇرىدۇ، ئاجىزلار بولسا ۋەقە پەيدا بولغاندا ساراسىمىگە چۈشۈپ ھالى پەرىشان ۋە سەرگەردان بولىدۇ. بۇلار غەپلەتتە تۇرۇۋېرىدىغان جاسىللاردۇر. ھوشيار ۋە ئېھتىياتكارلارمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى، بىر ھادىسىنى بولماستىن بۇرۇن بىلىدۇ ۋە ئېپتىداسىدىنلا خاتىمىسىنى كۆرەلەيدۇ. باشتىلا چارە - تەدبىر كۆرۈپ قويىدۇ. بۇنداق كىشىلەر بالا گىردابىغا چۈشۈشتىن ئىلگىرىلا ئۆزىنى قۇتۇلۇش ساھىلىغا يەتكۈزۈپ بولىدۇ. ئىككىنچى خىلى، بالا - قازاغا ئۇچراپ قالسا، كۆڭلىنى بىر يەردە توختىتىپ ئۇنىڭغا چارە قىلماققا مەشغۇل بولىدۇ ۋە ھەيرانلىقتا قالمايدۇ. ھەرقانداق چاغدىمۇ بۇ كىشىگە مەسلىھەت يولى ۋە تەدبىر ئۇسۇلى باغلىنىپ قالمايدۇ. ئەقلى كارغا ياراپ خالاسلىق ۋە سالامەتلىككە چىقالايدۇ. بۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى مۇكەممەل ئاقىل، كېيىنكىسى يېرىم ئاقىل ھېسابلىنىدۇ.

## 141

بەتقىلىق پەسلەر ئۆزلىرى تەمە قىلىدىغان مەرتىۋىسىنى تاپقىچە ئارىلىقتا، دوست ۋە بىر نىيەتتە بولىدۇ. ئەمما، مەقسىتى ھاسىل بولغاندىن كېيىنلا، دوستلۇقنى تاشلاپ، ئۆز ھالىدىن يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە يېتىشنىڭ تەمەناسىنى قىلىدۇ.

## 142

ئېسىل پەس، ئەخمەق كىشىلەر تەمە ياكى قورقۇنچ بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۈمىدى ھاسىل بولۇپ موھتاجلىقتىن قۇتۇلسا، كۇپرانى نېمەتلىك ۋە پىتنىخورلۇق ئوتىنى ياندۇرىدۇ. ئەگەر قورقۇنچتىن قۇتۇلسا، تەرەپدارلىق چەشمىسىنىڭ سۈيىنى لېيىتىدۇ.

## 143

نائۈمىدلىك ۋە قورۇقلا قاراپ قويۇش خىزمەتكارلارنىڭ

ئېتىقادىنى ياندۇرىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىش پادىشاھلارنىڭ شىكەستە تېپىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ.

## 144

كۆڭلى ئەگرى كىشىدىن ھەرگىز ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئەسلىدىن يامان بولغان نەرسە ھېچ ۋەج بىلەن ياخشى سۈپەتلىك بولمايدۇ.

## 145

ھەر كىشى ئەسلىدە نەسەبسىز بولسا ئۇمىد مەيدانىدىن نېسىۋىسىزدۇر. چۈنكى، ياخشىلىق قىلغانلارغا يامانلىق قىلماي دۇنيادىن ئۆتۈش ناپاك ئادەملەر ئۈچۈن ھارامدۇر.

## 146

ھەر كىم نەسىھەتچىلەرنىڭ سۆزىنى — گەرچە ئۇلار سۆزىنى قوپال ۋە بىئەدەپلەرچە ئېيتقان بولسىمۇ — ئاڭلىمىسا، راھىتىنىڭ ئاخىرى نادامەت ۋە مالامەتتىن خالىي بولالمايدۇ.

## 147

پادىشاھلارنىڭ ئاجىزى — ئىشىنىڭ ئاخىرىدىن غاپىل قالغۇچى ۋە مەملىكەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى سەل چاغلىغۇچىلاردۇر. ئۇلار ھەمىشە بىرەر ھادىسىگە ئۇچراشتىن بۇرۇن ئېھتىيات ۋە ھوشيارلىق قىلمايدۇ. پۇرسەت ئۆتۈپ كەتكەندە، دۈشمەن ئۇنىڭغا غالىب كەلسە، ئىشنى مۇلازىملىرىدىن كۆرىدۇ. تارتقان زىيانلىرىنى ئۇلارغا ئارتىدۇ.

## 148

نەسىھەتچىلەرنىڭ سۆزى قاتتىق بولسىمۇ، ئۇنى رەت قىلغىلى بولمايدۇ.

## 149

ئەگەر بىر دوستتىن دۈشمەنلىك ئەسىرى كۆرۈلسە ۋە ئۇ سۆز خىزمەتكارىدىن ئۇلۇغلۇق ئالامىتى بىخلانسا، دەرھال ئىھتىياتنىڭ پېيىگە چۈشمەك كېرەك ۋە ئۇنىڭدىن ئۆلپەت ۋە ئاشنالىق ئىپتىكىنى تارتماق لازىمدۇر.

## 150

ئىغىزدىن چىققان سۆز ئورنىدىن چاچرىغان كۆزدۇر. سۆزنى ياندۇرۇۋالغىلى بولمىغىنىدەك، كۆزنىمۇ ئورنىغا سالغىلى بولمايدۇ.

## 151

تىل كۆڭۈلنىڭ ئايغاقچىسىدۇر. كۆڭۈل بەدەن مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىدۇر. سۆز بولسا ئۇنىڭ خەزىنىسىدىكى جاۋاھىردۇر. ئەگەر سۆز گويالىق قۇتىسىدا خامۇشلۇق قۇلۇپى سېلىنىپ، سۈكۈت مۆھرىسى بېسىلغان ھالدا ساقلانغان بولسا، ھەمىشە تىرىكلىك چىمەنلىرىدە سالامەتلىك رەيھانى ئېچىلىدۇ ۋە ھايات دەرىخى خاتىرجەملىك ۋە راھەت مېۋىسىنى بېرىدۇ. ئەمما، بالاغەت غۇنچىسى تەبەسسۇم قىلىپ، پاساھەت بۇلبۇلى نەغمە ـ ساز قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتتا، سۆز گۈلزارى ھىدىنىڭ كۆڭۈل شادلىقىغا ۋە مېڭىنىڭ قۇۋۋەتلىنىشىگە سەۋەب بولۇشىدىن ۋە ياكى زۇكام ماددىسى ھەم باش ئاغرىق ۋاستىسىنىڭ ئىللىتىگە باغلىق بولۇشىدىن ئەمىن بولغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىر ئورۇنلۇق سۆز نۇرغۇن گىرەلەرنى ئېچىۋېتىدۇ ۋە ئورۇنسىز سۆز ئېيتقۇچى ئىغىر زەنجىرگە باغلىنىدۇ. ئاڭلىغۇچىنىڭ بەدىنىگە جان كىرگۈزىدىغان سۆزمۇ بار، ئېيتقۇچىنىڭ بېشىنى شامالغا ئۇچۇرىدىغان سۆزمۇ بار.

152

هوشيار كىشىلەر ئاشكارا گۇناھقا پىنھان ئازاب ـ ئوقۇبەت قىلمايدۇ ۋە يوشۇرۇن تەدبىر كۆرىدىغان ئىشتا ئاشكارا ئوقۇبەت قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ.

153

يېقىن كىشىلەرنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلىمايلا ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى زايە قىلىش ئۆز پۇتىغا ئۆزى كەكە چاپقانلىق ۋە مۇرۇۋۋەت ھەم دىيانەت يولىنى تاشلىۋەتكەنلىك بولىدۇ.

154

پەرمان يۈرگۈزگۈچىلەر ئۇچۇن ئۆزىنىڭ پاراسىتىدىن ئارتۇق لايىق گۇۋاھچى بولمايدۇ.

155

ئەخلاق سەھىپىسى ۋاپا بىلەن يېزىلغاندۇر.

156

مەردلىكنىڭ مۇرۇۋۋىتى ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئەھۋالى سەھىپىسگە بىۋاپالىق رەقەملىرىنى يازماسلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ.

157

يالغان گەپ ۋە بوھتاننىڭ ئەندىزىسى يوق، ھىيلە ـ مىكىر دېگەننىڭ ھەددى ـ ھېسابى ۋە چېكى يوق.

158

جاھاندا ھۈنەر ـ قابىلىيەتسىز كىشىلەر قابىلىيەتلىك

كىشىلەردىن كۆپ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاقلىشىپ قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن گەپ تاپقىلى تۇرىدۇ ـ دە، بارچە ماڭغان ـ تۇرغىنىنىڭ ھەممىسىنى گۇناھ ھېسابىدا بىلىندۇرۇپ، ئامانەتنى ئاھانەت، دىيانەتنى خىيانەت، ئادالەتنى ئاداۋەت سۈرىتىدە كۆرسىتىپ، ئۇلارغا دۆلەت ۋە سائادەتكە ئېرىشىشكە سەۋەب بولغان ئىشلارنى، بەتبەختلىك، شۇملۇق ۋە ئىپلاسلىق دەپ ئاتايدۇ.

**159**

كىشىگە ھەرقانداق بالا يەتسە ھېرىس ۋە تەمە سەۋەبىدىن يېتىدۇ.

**160**

ئەگەر قانائەت تىغى بىلەن ھېرىس زەنجىرىنى ئۈزمىسەڭ، ئاقىۋەت نادامەت تىغى بىلەن بېشىڭ كېسىلىدۇ ۋە ئاخىر خارلىق تۇپرىقىدا قالىسەن.

**161**

ھەر كىم دوستلارنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۆزىنى رەسۋا قىلىپ، ئىززەت پەردىسىنى يىرتىدۇ.

**162**

يىڭنىنىڭ قولىدىن كەلگەن ئىش نەيزىدىن كەلمەيدۇ.

**163**

بېسىلىپ قالغان پىتنى ئويغاتقان، سۈلھى بىلەن قىلغىلى بولىدىغان ئىشنى ئۇرۇش بىلەن قىلغان كىشى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ نادان كىشىلەردۇر.

## 164

بۇ جاھاندىكى ئالەم ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە خۇي - پەيلىگە قاراپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى، دەيدۇ، قىلىدۇ. بۇ تىرىكچىلىك يولىنى بىلىدىغانلارنىڭ قائىدىسىدۇر. ئىككىنچىسى، دېمەيدۇ، قىلىدۇ. بۇ مەردلەرنىڭ ئادىتىدۇر. ئۈچىنچىسى، دەيدۇ، قىلمايدۇ. بۇ، مۇناپىقلارنىڭ ئۇسۇلىدۇر. تۆتىنچىسى، دېمەيدۇ، قىلمايدۇ. بۇ، بېخىل ۋە ھىممىتى پەسلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.

## 165

كىمكى بەتخىيال ۋە بەتقىلىق بولسا، ئۇ ياخشىلىق يۈزىنى كۆرەلمەيدۇ.

## 166

ئەمەلىي قىلىنمىغان ئىلىم ھەسەلسىز مومغا ئوخشايدۇ. ئەمەلگە ئاشمىغان سۆز خۇددى شاخ - يوپۇرماقسىز دەرەخقە ئوخشاش، ئوتۇن قىلىپ كۆيدۈرۈشتىن باشقىغا يارىمايدۇ.

## 167

ئەمەلسىز سۆزدىن، جەبىرلىك مالدىن، تەجرىبىسىز دوستلۇقتىن، رىئايە قىلىنمىغان ئىلىمدىن، مەقسەتسىز سەدىقىدىن ۋە ساقسىز تىرىكلىكتىن پايدا ئالغىلى بولمايدۇ.

## 168

ئەخمەقنىڭ ئالامىتى بەش تۈرلۈك بولىدۇ، يەنى ئۆز پايدىسىنى دەپ باشقىلارغا زىيان سالسا، رىيازەت چەكمەي تۇرۇپ ئاخىرەت ساۋابىنى تەمە قىلسا، بەتخۇيلۇق بىلەن خوتۇنلارغا ئاشىق بولسا، راھەت بىلەن ئىلىم بىلمەكنى ئىزدىسە، بىۋاپالىق بىلەن، رىئايە

قىلماسلىق بىلەن بىر كىمدىن دوستلۇق ئۇمىد قىلسا، بۇ ئىشلار ئەخمەقلىقتىندۇر.

## 169

كۈچلۈك دۈشمەننى ھىيلە كەمەنگە ئىلسا ۋە غالىب دۈشمەننى مىكىر تۇزىقىغا چۈشۈرسە بولىدۇ.

## 170

قىلىچ بىر بىسلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىشى قان ئىچىش ۋە قان تۆكۈشتۇر. ئەمما، تارغاق بولسا كۆپ تىللىق ۋە ئىككى بىسلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىشى نازىنىنلارنىڭ بېشى ئۈستىدە ئورۇن تۇتۇشتۇر.

## 171

ئۈچ نەرسە ئۈچ ئىشتىن ئىلگىرى بەرقارار تۇرالايدىغان بولسىمۇ، بۇ ئۈچ ئىش پەيدا بولغاندىن كېيىن ئاۋۋالقى ئىسكەتىدە تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ بىرىنچىسى، بۇلاق ۋە كارىز سۈيى دەريا سۈيىگە قوشۇلماستىن ناھايىتى شىرىن ۋە خۇشياقىدىغان بولىدۇ. شۇنداق دەرياغا قوشۇلغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئاۋۋالقى شىرىنلىكىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق ۋە دوستلۇق پىتنىخورلارنىڭ يامان، ئەندىشىلىك سۆزلىرى ئارىغا كىرمەستە ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆڭلى ئەگرى بۇزۇقلارنىڭ سوغۇق نەپەسلىرى ئارىدىكى ئۇلپەت يېقىنلىقىنى يوقاتسا، يېڭىۋاشتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىسسىق ئۆتۈشى بەكمۇ مۇشكۇلدۇر. ئۈچىنچىسى، سۆھبەت ۋە مۇھەببەت بۇلىقىنىڭ سۈيى تاكى گەپ توشۇغۇچى پىتنىخورلارغا ئارىدا يول بەرمىگەنگە قەدەر ساپ ھالدا تۇرىدۇ. قاچانكى ئۇ خاكسار پۇرسەت تېپىپ، پىتنە ـ پاسات تۇپرىقى بىلەن لېيىتىۋەتسە،

قايتىدىن غۇبار كۆتۈرۈلۈپ، دوستلۇق پەيدا بولۇشىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ.

## 172

نادانلار ۋە ئەبلەخلەرنىڭ سۆھبىتى خۇددى ئىچى قۇرۇق ۋە تېشى قارا قازانغا ئوخشايدۇ.

## 173

ئۆزى خاتىرجەم بولالمايدىغان كىشىگە رەھىم قىلىش خاتادۇر، دۈشمەننىنى گۆر زىندانىغا ھەپسى قىلماق ئاقىللارنىڭ ئىشىدۇر.

## 174

قولنىڭ بارمىقى گەرچە قولغا زىننەت بولسىمۇ، ئەگەر يىلان چېقىپ زەخمەدار قىلىپ قويغان بولسا، قالغان بەدەننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، ئۇنى كېسىش كېرەك ۋە ئۇ كېسىشنى راھەت دەپ بىلىش كېرەك.

## 175

راھەت چىمەنزارلىقىدا ئىشرەت گۈلىنى تاماشا قىلىشقا قۇدرىتى يار بەرگەن تۇرۇقلۇق، مېھنەت تىكەنلىكىگە قەدەم قويۇش جۈرئەتسىزلىكتىن بولىدۇ.

## 176

مەردلەرنىڭ كۆڭلى سىرلارنىڭ كۆزىدۇر.

## 177

كىشىنى ئۆز سىرىنىڭ شىرى ئۆلتۈرىدۇ.

## 178

پادىشاھلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋاپادار مۇلازىمىنى ئەزىز كۆرىدىغان، بەتنىيەت ۋە مەككار خىزمەتكارلارنى خار كۆرىدىغان بولۇشتىن ئىبارەت.

## 179

ۋۇجۇد ھالقىسىغا كىرىپ قالغان ھەربىر كىشى ئەلۋەتتە ئەجەل شەربىتىنى ئىچىدۇ.

## 180

پادىشاھنىڭ دۆلىتى خىزمەتكارسىز ۋە تاۋابىئاتلارسىز باقىي تۇرمايدۇ. ئىخلاسلىق خىزمەتكارلارغا باتىل گۇمان بىلەن قەست قىلماسلىق سەلتەنەتكە لايىق ئەمەستۇر. خەلقنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ئاخىر ئۆزى تەنها قالىدۇ! بەندىلەر تەربىيە قىلغاندا ، ئۇلار ئاندىن ئىشەنچكە يارىغۇدەك بولىدۇ. مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، كىشىنى خۇشال قىلالىغۇدەك ئىشنى ھەمىشە قولغا كەلتۈرگىلى بولۇۋەرمەيدۇ.

## 181

ياخشى ئەمەل ئۇچۇن ئالدىراش ياخشى ئىشتۇر.

## 182

ھۇنەر ئەھلىگە ھەسەت ۋە يامان خاھىش كۆپ بولىدۇ. ھۇنەر - قابىلىيەتسىزلەرگە ھېچكىم ھەسەت قىلمايدۇ.

## 183

جاھاندا ھەسەتتىن چوڭراق رەنج يوق. چۇنكى، ھەسەتخور كىشى خالايىقنىڭ خۇشاللىقىدىن غەمگە پاتىدۇ ۋە ئۆزگىلەرنىڭ راھىتىدىن ئۆزگە جاپا تاپىدۇ.

184

ھەسەت ئىشىپ بارسا ئاخىر كىشىنىڭ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىشىنىمۇ كۆرەلمەيدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ.

185

كىشىنى ھالاك قىلىشقا ھەرىكەت قىلغۇچىلار ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ. لېكىن، جېنى تېنىدىن بىر يولىلا چىقمايدۇ، بەلكى شۇنداق بولىدۇكى، ئۇنىڭغا ھاياتتىن بىزار بولغۇدەك دەرىجىدە بىر رەنج يېتىشىدۇ. ھەردەم ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيدۇ، ئەمما ئۇنچە ئوڭاي ئۆلەلمەيدۇ.

186

ھەرقانداق ئىشنىڭ باشلىنىشىدىلا ئۇنىڭ نەتىجىسىگە نەزەر سالالىغان ۋە قىلغان - ئەتكەن، دېگەنلىرىگە پۇشايمانلىق ۋە پەرىشانلىق كەلتۈرمىگەن كىشىلەر ئاقىل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، پۇشايمان دۈشمەننىڭ شاد بولۇشى ۋە دوستىنىڭ مالال بولۇشىدىن بۆلەك پايدا بەرمەيدۇ.

187

ئالىي ھىممەت كىشى ھەرقانداق جايدا قاتتىق رەنج ۋە چوڭ خەتەردىن خالىي بولالمايدۇ.

188

زالىملارنى ئامان قويماق پەرھىزكارلارنى ئۆلتۈرمەك بىلەن باراۋەردۇر.

189

ھەر كىشى قۇدرىتى بار تۇرۇپ، يامانلىق قىلغۇچىلارنى تىرىك

قويسا ياكى زالىمغا مەدەت بەرسە، ئۇلارنىڭ ئۇۋالىغا شېرىك بولىدۇ ۋە ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ.

## 190

ھەقىقەتكە يار بەرمەك ۋە راستلىق تۇغىنى كۆتۈرمەكنىڭ ھەم شەرىئەتتە قەدرى ـ قىممىتى كۆپتۇر، ھەم مۇرۇۋۋەتتە ھۆرمىتى ئاز ئەمەس.

## 191

مەككار ۋە پىتنە ـ پاساتكارلارنىڭ جەبرىدىن قۇتۇلماق ۋە ئىككى يۈزلىمىلەرنىڭ پىتنىلىرىدىن ئامان تاپماق چوڭ مەنپەئەتتۇر ۋە ئۇ راھەت كۆرۈشنىڭ ۋاستىلىرىدىن بىرىدۇر.

## 192

ھۈنەرۋەن ـ قابىلىيەتلىك كىشىلەر زامانىنىڭ ناز داستىخىنىدىن جاپا ۋە مېھنەت نالىسىنى كۆتۈرۈپ خارلىقتا قالىدىغان، ھۈنەر ـ قابىلىيەتسىز كىشىلەر ئۇنىڭ چەكسىز پايدا ـ مەنپەئىتىنى كۆرۈپ زەللە ئاتىدىغان ئىش ئىككى يۈزلىمە ھاياتىنىڭ ئادىتىدۇر.

## 193

يامان ئات كۆتۈرۈپ ھايات يۈرگەندىن، ياخشى ئات كۆتۈرۈپ ئۆلگەن ياخشىراق.

## 194

كىشىگە تۆھمەت قىلماق ۋە كۆرمىگەن نەرسىگە گۇۋاھلىق بەرمەك، بۇ دۇنيادا خىجالەت ۋە ئاخىرەتتە خارلىق كەلتۈرىدۇ.

## 195

ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئىخلاسلىق دوستلار ۋە خالىس

يارانلاردىن قىممەتلىكرەك ھېچقانداق نەرسە يوق.

## 196

ھەرقانداق جايدا دوستلارنىڭ مۇھەببەت تەڭگىلىرى ئىخلاس سەرراپخانىسىدا تاۋلانغان بولسا ياكى دوستلۇق دەريخى ئىختىساس بېغىدا يەكدىللىق سۇيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان بولسا، بۇ جاھاننىڭ راھىتى ۋە خۇشاللىقىنىڭ مەدىتى بولۇپ، بۇنداق دوستلۇقنىڭ پايدا ـ مەنپەئىتى ھەددى ـ ھېسابسىزدۇركى، ئۇ بەختلىك كۆڭۈللەردە شادلىق ۋە خۇشاللىقنى ئورتاق، قىيىنچىلىق كۆڭۈللەردە ھەمدەم ۋە يار يۆلەك بولىدۇ.

## 197

غەيرىي كىشىلەردىن پەند ـ نەسىھەت ۋە تەجرىبە ئالالىغان كىشى سائادەتمەن كىشىدۇر. باشقىلارنىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىق ئىشلىرىنى سىناپ كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن بەھرە ئالالىغان، پايدا يەتكەن ئىشنى قىلىپ، زىيان يەتكەن ئىشنى تاشلىيالىغان كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر.

## 198

مۇھەببەتنىڭ باشلىنىشى مەنپەئەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

## 199

ئىككى كىشى ئارىسىدا يۈزەكى ئاداۋەت بولسا، ئۇ ئازراق ئۆزرە ئېيتىش بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ كونا ۋە چوڭقۇر ئاداۋىتى بولسا، ئۇنىڭغا يۈزەكى ئاداۋەتتىن كىچىككىنە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى ھېچقانداق سەئى ـ سەۋەب بىلەنمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئاداۋەت شۇ ئىككى تەننى يوقاتمىسا ئۆزى يوقالمايدۇ. باش كەتمىگۈچە باشتىن خىيال كەتمەيدۇ.

## 200

ئەقىللىق ئادەم ھوشيارلىقنى تاشلىماسلىقى ۋە ئېھتىياتچانلىقنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك؛ دۈشمەننىڭ نالە ـ پەريادىغا ئالدانماسلىقى كېرەك. ھەرقانداق شارائىتتا دۈشمەنگە ئىشەنمەسلىكى كېرەك.

## 201

سېخىيلار دوستلۇق ئۈچۈن بىر سائەتتە مىڭ تۈرلۈك شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق كۆرسىتىدۇ. بېخىللار بولسا يۈز يىللىق دوستلۇقنىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئۇنى بىر پەستە يوق قىلىۋېتىدۇ.

## 202

ھەر كىم دوستلۇق يولىدا جان پىدا قىلسا، ئۇ تەڭداشسىز ۋاپادار دوستتۇر.

## 203

دوستلۇقتا جان ۋە باش بىلەن ئويناشقاننىڭ دەرىجىسى نان ۋە ئاشقا دوست بولغاندىن مىڭ ھەسسە ئەلا. چۈنكى، ئۆز ۋۇجۇدىنى كىشىگە تەقدىم قىلىش ئەڭ چوڭ سېخىيلىقتۇر. بۇ جاھاندا كىشىگە پۇل سەدىقە قىلغۇچىلار يۈز مىڭلاپ بولسىمۇ، كىشىگە جېنىنى پىدا قىلغۇچىلار كەم تېپىلىدۇ.

## 204

دوست ئۈچ قىسىم بولىدۇ: بىرىنچىسى، خالىس دوست؛ ئىككىنچىسى، دوستىنىڭ دوستى؛ ئۈچىنچىسى، دۈشمىنىنىڭ دۈشمىنى. دۈشمەنمۇ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئاشكارا دۈشمەن؛ ئىككىنچىسى، دوستىنىڭ دۈشمىنى؛ ئۈچىنچىسى، دۈشمەننىڭ دوستى.



www.uyghurkitap.com

## 205

بېخىللار مال يىغىدىيۇ ئۆزى يېمەيدۇ. سېخىيلار ئۆزىمۇ يەيدۇ، خەققىمۇ بېرىدۇ. ئەگەر بىر كىشى كىشىلەرگە ئىنئام بەرسە ياكى كىشىلەرگە مېھىر ـ شەپقەت قىلسا، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خاپا بولغۇلۇق ئەمەس. چۈنكى، ئۇ سېخىيلىقى ھەقىقەتتە بولسا ئاخىرەتنىڭ دەسمايىسى. ھەرقانداق ئادەم پۇل جۇغلاشقا ھېرىس بولسا، ئۇنىڭ ھېرىسلىق شۇملۇقى خۇددى بۆرىگە ئوخشاش ئۆز جېنىغا زەرەر يەتكۈزىدۇ.

## 206

پۇلى، مېلى يوق ئادەمگە باشقىلار ياردەم ۋە مەدەتكارلىق قىلىشمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر خۇددى چۆلگە ياغقان يامغۇر سۈيىگە ئوخشايدۇ، يەنى يامغۇر چۆلگە ياغسىمۇ ئارقىسىدا مەدەت قىلىدىغان كۆچ بولمىغاچقا ياكى دەرياغا، ياكى ئېرىققا قوشۇلالماي، تۇرغان يېرىدە يوق بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇزرۇكلەر: «ھەر كىشىنىڭ بىر تۇغقىنى بولمىسا ھەر جايغا بارسا غېرىب بولۇپ قالىدۇ. ھەر كىمنىڭ پەرزەنتى بولمىسا، خالايىق ئوتتۇرىسىدا نامى ئۆچۈپ كېتىدۇ. ھەر كىمنىڭ پۇلى بولمىسا دوستلاردىن بەھرە ئالالمايدۇ. كەمبەغەلگە بىر كىم دوست بولمايدۇ» دەپ ئېيتىشقان.

## 207

كىشىگە ھەرقانداق خارلىق كەلسە، تەمە سەۋەبىدىن كېلىدۇ. تەمە قىلغان كىشى خار بولىدۇ. شۇڭا، قانائەتتىن ئىززەت، تەمەدىن خارلىق كېلىدۇ.

## 208

قۇش تەمە دېنىنى چوقۇمسا، بويىنى تۇزاق ھالقىسىغا

www.uyghurkitap.com

چۈشمەيدۇ. ھەر كىم تەمە كەمىرىنى باغلىمىسا ئىززەت لىباسىنى خارلىق باھاسىغا تېگىشمەيدۇ. ھەربىر ئەزىز كىشى تەمە يولىغا كىرىپ قالسا، تەمە تۇپرىقىدىن خارلىق غۇبارى ئۇنىڭ يۈزىگە ئولتۇرىدۇ ـ دە، ئەتىۋار تارازىسىدا ئۇ ئەزىزنىڭ قەدرى يەڭگىل كېلىپ قالىدۇ.

## 209

كىشىلەرنىڭ شان ـ شەرىپى مالدىن ئەمەس، كامالەتكە يېتىشتىن كېلىدۇ. ئىلىم ۋە ھۈنەردە كامال تاپقان كىشى پۇلسىز بولسىمۇ، ھەمىشە ئەزىز بولىدۇ. بۇ خۇددى شىر زەنجىردە باغلاقلىق بولسىمۇ، ھەيۋىتى كېمىيىپ كەتمىگەندەك بىر ئىش. ھۈنەرسىز ئادەم گەرچە زەردار بولسىمۇ، خار ۋە قەدىرسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ خۇددى ئىت ھەرقانچە توق بولسىمۇ، ئېسىل زىبۇ زىننەتلەر بىلەن جابدۇپ قويۇلسىمۇ يەنىلا خار ۋە بىئېتىبار بولغاندەك بىر ئىش.

## 210

ئەقىللىق كىشى ھەر قانداق يەرگە بارسا ئۆز ئەقلى بىلەن دوست ۋە يار ـ يۆلەك تاپىدۇ. جاھىل كىشىلەر ئۆز يۇرتىدىمۇ غېرىب ۋە يات بولۇپ قېلىشىدۇ. شۇڭا، ھۈنەرۋەن ۋە ئەقىللىق كىشى ھېچقانداق جايدا غېرىب بولۇپ قالمايدۇ.

## 211

ھۆكۈمالار: «ئالتە نەرسىدىن ۋاپا ئۈمىدى كۈتمەسلىك كېرەك» دەپ ئېيتىشقان: بىرىنچىسى، بۇلۇتنىڭ سايىسى، ئۇ قاراپ بولغۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئىككىنچىسى، غەرەزلىك دوستلۇق، ئۇ ناھايىتى تېزلا چاقماقتەك ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، خوتۇنلارنىڭ مۇھەببىتى، ئۇ كىچىككىنە سەۋەب بىلەن سوۋۇپ كېتىدۇ؛ تۆتىنچىسى، چىرايلىقلارنىڭ جامالى، ئۇمۇ ئاخىر ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؛ بەشىنچىسى، يالغاندىن تەرىپلەش، ئۇمۇ ئىز بېسىپ تۇرالمايدۇ؛ ئالتىنچىسى، بۇ دۇنيانىڭ مېلى، ئۇمۇ ئاقىۋەتتە ئىگىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ.

## 212

مــال ـ دۇنياســنىڭ كۆپــلىكى بىلــەن خۇشــال بولــۇش ۋە ئازلىقىدىن غەم يېيىش ئەقىلللىق كىشىگە يارىشىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى، پۈتۈن دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكى ئالىي ھىممەت ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا بىر پارچە سامان پارچىسىگە ئەرزىمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، دېمەك ئۇ نەرسىنى تەلەپ قىلىپ، ئەزىز ئۆمۈر خامىنىنى ئاسمانغا ئۇچۇرغۇلۇق ئەمەس ۋە قولدىن كەتكىنىگە بىر ئارپا چاغلىق غەم يېگۈلۈك ئەمەس.

## 213

ياخشى ھۇنەر ئۇچۇن ئەقىل سەرمايە بولىدۇ. ئەقىل ھېچقاچان بىر سەۋەب بىلەن كىشىلەردىن ئاجرىمايدۇ. زامان ھادىسىلىرىنىڭ تەسەررۇپ قولى ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ.

## 214

كىمكى ئەگەر دوستىغا كېرەكلىك نەرسىنى ئايىسا، ئۇ كىشى دوستلۇققا يارىمايدۇ.

## 215

ئەگەر سېخىيلاردىن بىرى ھادىسە گىردابىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنغۇچىلار ئەلۋەتتە سېخىيلار بولىدۇ. بۇ خۇددى بىر پىل لايغا پېتىپ قالسا، ئۇنى پىلدىن باشقا ھېچقانداق بىرنەرسە تارتىپ چىقىرالمىغاندەك بىر ئىش. ئەگەر چاشقاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش يولىدا ساڭا رەنج يېتىپ قالسا، قىلچە غەم قىلما. چۈنكى، ئەقىلللىق كىشى ياخشى ئىشقا تۇتۇش قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئالەمگە ياخشى نامنى يادىكار قالدۇرىدۇ. ياخشى نام قالدۇرۇش ئۇچۇن بېشى كېتىدىغان بولسا، بېشىدىنمۇ كېچىدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، بۇ ئىش بىلەن پانىينى بېرىپ باقىينى ئالغان بولىدۇ، ئۆز قىممىتىنى تېخىمۇ ئۇستۇن كۆتۈرگەن بولىدۇ.

## 216

ھەر قانداق كىشىنىڭ مەئىشىتىگە ھاجەتمەن كىشىلەرنى بىلىپ بولالمايدىغان بولسا، ئۇنداق كىشى باي ھېسابلانمايدۇ. ھەر قانداق كىشى ئۆز ھاياتىدا ياخشى نام قالدۇرمايدىغان بولسا، ھەممە ئۆمرى ئۆلۈم ھېسابىدا بولىدۇ.

## 217

تۆت گۇرۇھنى تۆت ۋاقىتتا سىناش كېرەك، يەنى باتۇر-باھادىرلارنىڭ شىجائىتىنى جەڭدە، خىيانەتسىز ـ ئىنسابلىق كىشىلەرنىڭ دىيانىتىنى ئېلىش ـ بېرىش مۇئامىلىسىدە، خوتۇن ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپاسىنى نامراتلىق چاغلاردا، ھەقىقىي دوستلارنى بالا ـ قازا كەلگەن ۋاقىتتا سىناش كېرەك.

## 218

ئەقىللىق كىشى ھەر قاچان دۈشمەن سۆزىگە ئىلتىپات بىلدۈرمەسلىكى لازىم ۋە ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن يۇغۇرۇلغان ئاشنالىق مېلىغا خېرىدار بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، دانا دۈشمەن ئۆز ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى كۆزلەپ، كۆرۈنۈشتە بەك ياۋاش ـ يۇمشاقلىق قىلىدۇ. لېكىن، ئاستىرتىن ئۇنىڭ تەتۈرسىچە ئىش قىلىدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى قەلبىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. لېكىن، بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ئاجايىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ. شۇڭا، ھوشيار كىشىلەر شۇنداق بولۇشى كېرەككى، دۈشمەن قانچە مۇلايىملىق كۆرسەتسە ئۇنىڭدىن شۇنچە گۇمان قىلىشى، مۇبادا ئۇ ئىتتىپاقلىق قولىنى سۇنسا، ئۆزىنى ئۇنىڭدىن تارتىشى كېرەك. ئەگەر غاپىللىق قىلسا دۈشمەن ھەممىشە قەستلىنىپ يۈرگەچكە، پۇرسەت تېپىپ تەدبىر ئوقىنى پۇرسەت نىشانىغا تەگكۈزىدۇ. ئۇ چاغدا چارە ۋە ئىلاج تېپىشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ ـ دە، ھەسرەت ـ نادامەت قىلغان بىلەن ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ، مۇنداق غاپىللىق قىلغۇچىلار خۇددى ھۇۋقۇشلاردىن

قاغىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكەندەك ئەھۋالغا دۇچ كېلىدۇ.

## 219

بىر زەخىم بىلەنلا يۇرتىنى تاشلاپ كېتىش مەردلەرگە ياراشمايدىغان ئىش.

## 220

كىشى دۈشمىنىگە ئۆز ھاجىتىگە تۇشلۇق ئېگىلسە بولىدۇ. ئەمما، كىشىنى خارلىق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغۇدەك مىقداردا ئىززەت ـ ئېكرام بىلدۈرۈش توغرا ئەمەس.

## 221

نام ـ شۆھرەتنى تاشلاشتىن كۆرە، ئۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈشنى باشلاش ياخشىراقتۇر.

## 222

ئەگەر ھەر كىشى مەغرۇر بولسا ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ.

## 223

ئەگەر كىشى ئۆزىگە سىرداش بولمىغان كىشىگە سىر ئېيتسا، ئاقىۋەت پۇشايمانغا قالىدۇ. سىر يوشۇرۇش پادىشاھلار ئۈچۈن ھەرقانداق كىشىگە كېرەك بولغاندىنمۇ ئارتۇق زۆرۈر. چۈنكى، بارلىق خەۋپ ـ خەتەر پادىشاھلارنىڭ سىرلىرى ۋە تەدبىرلىرىدىن ئىشەنچسىز كىشىلەر ۋاقىپ بولغانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

## 224

ئادىل پادىشاھ دېگەن ئېزىلگەنلەرنىڭ پاناھى ۋە مەھرۇملارنىڭ يۆلەنچۈكى بولىدۇ. تەختتە ئولتۇرۇش خۇشال ـ خۇرام ئويناپ كۈلۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئادالەت ئورنىتىش ئۈچۈندۇر.

## 225

ھەركىم كۆچ ـ قۇۋۋىتى ۋە شان ـ شەۋكىتىگە مەغرۇر بولۇپ، ئاجىز ۋە يېقىلغەنلەرنى ئاياغ ـ ئاستى قىلماقنى قەست قىلسا، ئاشۇ سۈرىتى بىلەن ھالاكەت تۇپرىقىغا يىقىلىدۇ ۋە ياكى شۇ سۈپىتى شۇملۇقىدىن ھالاكەت قۇدۇقىغا تىقىلىدۇ.

## 226

ياخشى خۇيلۇق بولۇڭلار، ياخشى خۇي ئاخىرەتنىڭ سەرمايىسى بولىدۇ. ئۆمۈر دېگەن باھار يامغۇرى ۋە گۈلىستان مەۋسۇمىدەك باھاسىزدۇر. ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭلار. باشقىلارنىڭ زەرەر ۋە مەنپەئەتلىرىنى ئۆزۈڭلارنىڭ پايدا ـ زىيىنىڭلاردەك بىلىڭلار. ئۆزۈڭ ياخشى كۆرمىگەننى باشقىلارمۇ راۋا كۆرمەيدۇ!

## 227

دەرەخنى كەسسە يىلتىزىدىن يەنە ئۈنۈپ چىقىپ يوغىنايدۇ. لېكىن، مۇھەببەت كۆچىتىنى جاپا پالتىسى بىلەن كەسسە ئۇنىڭدىن مۇتلەق ۋاپا شېخى پەيدا بولمايدۇ. كىشىگە قىلىچتىن جاراھەت يەتسە ئاخىر تۈزۈلىدۇ. ئەمما، كۆڭۈلگە يەتكەن سۆز يارىسى ھەرگىز ساقايمايدۇ.

## 228

ھەركىم ئەقىللىق كىشى بىلەن سۆھبەت قىلسا ۋە ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن بەھرە ئالسا، ھامان ئۆزىنى دۆلەت ـ ئىقبال مەرتىۋىسى ۋە سائادەت ـ كامالەت دەرىجىسىگە يەتكۈزگۈسى.

## 229

ئاقىللار ئۆزلىرىنى دۈشمەن ھىيلە ـ مىكرىدىن ياخشى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، دۈشمەننىڭ يامان سۆزلىرى بىلەن يولدىن چىقمايدۇ. غاپىل كىشىلەر بولسا دۈشمەننىڭ يالۋۇرۇشى ۋە

مۇلايىملىقىنى كۆرۈپ، ئاداۋەتنى ئۇنتۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشنا بولىدۇ. ئۇلار دۈشمەننىڭ سىرتىنى پەردازلاپ كۆرسەتكەن بىلەن كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

## 230

ھەرقانداق دۈشمەننىڭ كىشىگە قەست قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىسە، ھىيلە ئىشلىتىپ يېقىنلىق قىلىپ، نەسىھەت يولىنى تۇتىدۇ ۋە مەھرەم بولۇۋېلىپ، سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولىدۇ ـ دە، پۇرسەت تاپسا ئۆز ئىشىغا تۇتۇش قىلىپ، تۈرلۈك زىيانلارنى سالىدۇ. ئەگەر ئۇ زىيان سالسا، ئوتلۇق چېقىندەك جان خامىنىدىن باشقىسىنى كۆيدۈرمەيدۇ ۋە قازا ئوقىدەك مۇراد نىشانىسىدىن بۆلەك نەرسىگە خاتالىشىپ تەگمەيدۇ.

## 231

چىدامىلىق بولغاندىلا سەۋر دەرىخى مېۋە بېرىدۇ.

## 232

توغرا ئىشلىتىلگەن تەدبىر زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدىن قاراڭغۇلۇق كىرلىرىنى تازىلايدۇ، ياخشى تەدبىر كۆڭۈل يارىسىغا مەلھەمدۇر.

## 233

ھەرقانداق بىرنەرسە بىرەر سەۋەب بىلەن ئۆز ھالىدىن ئۆزگەرگەن بولسا، ئۇ بەربىر يەنە ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ.

## 234

يامان بىلەن سۆھبەت قىلماقتىن زەھەرلىك يىلان بىلەن ئۇلپەت بولماق ياخشىراق.

## 235

ھىممەت ئەھلى ھەر قانداق جاپا ـ مۇشەققەتتىمۇ ئۆزىنى غەمگە

ۋە بىتاقەتلىككە سالمايدۇ. ئاخىرىدا غەلىبە ۋە نۇسرەت بار بولغان ھەرقانداق ئىشنىڭ ئىپتىداسىدا رەنج ـ مۇشەققەت چېكىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ھېچقانداق بايلىق رەنج ـ مۇشەققەتسىز يۈز كۆرسەتمەيدۇ ۋە ھېچقانداق گۈلنى تىكەن زەخمىنى يېمەي تۇرۇپ ئۈزگىلى بولمايدۇ.

## 236

ھەر كىشى تۆت ئىش قىلسا تۆت ئەجىر تاپىدۇ: بىرىنچىسى، زۇلۇم قىلسا ھالاكىتى يېقىن بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، خوتۇنلار سۆھبىتىگە ھېرىس بولسا رەسۋالىققا ئۇچرايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، يېمەك ـ ئىچمەككە تولا بېرىلسە كېسەللىككە دۇچار بولىدۇ؛ تۆتىنچىسى، نادان ۋەزىرلەرنىڭ پىكرىگە ئىشەنسە، مەملىكىتى بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

## 237

ھەرقانداق جايدا ھېرىس ئورۇن تۇتسا، ئۇ يەردىن راستلىق ۋە ئامانەت كۆچۈپ كېتىدۇ.

## 238

تەدبىر شىجائەتتىن ياخشىراقتۇر. چۈنكى، باھادىر كىشى شىجائەت بىلەن ھەرقانچە غالىب بولسىمۇ، ئون ياكى يىگىرمە كىشىگە تەڭ كېلەلەيدۇ. ئەگەر مۇبالىغە قىلسا يۈزگە ھەتتا مىڭغىمۇ تاقابىل تۇرالايدۇ. ئەمما، دانا كىشى تەدبىر ئىشلىتىش بىلەن پۈتۈن بىر پادىشاھلىق ئىقلىمىنى پەرىشان ۋە بەربات قىلىۋېتىدۇ.

## 239

ئەگەر ھەممەيلەن تەڭ مەردلىك قىلسا، كۆڭلى مۇرادىغا يېتىدۇ. ئەگەر كىم بۇ سۆپەتكە ئىگە بولسا، ئۆز تەلىپىگە شۇنداق يېتىدۇكى، ئۇنىڭغا يار ـ مەدەتكار بولغۇچى كۆپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق ـ تاپاۋەت بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قايسىبىرىگە بەخت، دۆلەت يار بولغان بولسا، زەپەر ۋە نۇسرەت شۇنىڭ

بولىدۇ.

## 240

تۆت نەرسە باركى، ئۇنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكىنىڭ پەرقى بولمايدۇ، بىرىنچىسى ئوت، ئۇنىڭ ئاز بولغىنىمۇ كۆپىگە ئوخشاش كۆيدۈرىدۇ. ئىككىنچىسى قەرز، بىر تەڭگە بولسىمۇ، مىڭ تەڭگە بولسىمۇ قەرزدارنى ئوخشاش خىجالەتتە قويىدۇ. ئۈچىنچىسى رەنج ـ ئەلەم، ئاز بولسىمۇ، كۆپ بولسىمۇ ئوخشاشلا كىشىگە تەشۋىش يەتكۈزىدۇ. تۆتىنچىسى دۈشمەن، ئۇ ھەرقانچە ئاجىز بولسىمۇ ئاخىر ئۆز ئىشىنى قىلىدۇ.

## 241

ھەركىشى دۈشمەنگە مەغلۇپ بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا خارلىق ۋە ئاجىزلىق كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىززىتى يوقالمايدۇ؛ تەسىرى ۋۇجۇد سەھنىسىدىن ئېرىمەيدۇ.

## 242

خەلق ئىتائەت قىلىدىغان كىشىنىڭ گېپىلا گەپ بولىدۇ.

## 243

دۈشمەن تەۋەززۇ قىلسا ۋە يالۋۇرسا ئۇنىڭغا ئالدىنىش ئەقىل يولىدىن يىراق ئىشتۇر.

## 244

ھەرقانداق نەرسىنى تېپىشقا قارىغاندا ساقلاش مۈشكۈلدۇر. چۈنكى ھەر قانداق نېمەت بەختىنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن ھاسىل بولۇر. ئەمما ئۇنى روشەن ئەقىل ۋە ياخشى تەدبىرلەر بىلەن چىڭ تۇتماي تۇرۇپ، مۇھاپىزەت قىلماق مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ھەر كىشىگە ھوشيارلىق بىلەن ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈش قۇۋۋىتى نېسىپ بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگىنى ئۇزاق ئۆتمەي

تالاپەت ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭغا كېتىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئۆزىدە ھەسرەت ۋە نادامەتتىن بۆلەك ھېچ نەرسە قالمايدۇ.

## 245

دوست تۇتۇش توغرا كەلسە، ئۈچ تائىپىدىن دوست تۇتماق كېرەك: بىرى، ئالىم ۋە ئابىدە. ئۇنىڭ سۆھبىتىنىڭ بەركىتى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى تاپقىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، مەرد ۋە ياخشى ئەخلاقلىق كىشىلەر، ئۇلار يار ـ دوستىنىڭ خاتاسىنى تاپالايدۇ ۋە نەسىھىتىنى ئايىمايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، زاتى پاك كىشىلەر، ئۇلار غەرەزسىز ۋە تەمەسىز بولۇپ، دوستلۇق بىناسىنى ساداقەت ۋە ئىخلاس ئاساسىغا قويىدۇ. يەنە ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىدىن پەرھىز قىلماق كېرەك: ئۇلارنىڭ بىرى پاسىق كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ھىممەتلىرى نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا سەرپ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىرى نە دۇنيانىڭ راھىتىگە ۋە نە ئاخىرەتنىڭ رەھمىتىگە سەۋەب بولالمايدۇ؛ ئىككىنچىسى، يالغانچىلار، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى قاتتىق ئازاب ۋە ئۇلپىتى چوڭ بالا. ئۇلار ھەمىشە سەندىن باشقىلارغا يۈز بەرمىگەن ۋەقەلەر ئۈستىدە سۆز توشۇيدۇ ۋە باشقىلاردىن ساڭا مىڭدىن بىرى راست بولمىغان، پىتنە ئارىلاشقان خەۋەرلەرنى كەلتۈرىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، نادانلار، مەنپەئەت يۈزىسىدىن ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ ياكى بالا ـ قازادىن ساقلىنىشتا ئۇلارغا يۆلەنگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار پايدا يەتكۈزدۈم دەپ تۇرۇپ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

## 246

نادان دوستتىن دانا دۈشمەن ياخشىراق. چۈنكى، دۈشمەن ئەقىللىق بولسا يىراقنى كۆزلەپ ئويلاپ ئىش قىلىدۇ، پۇرسەت كەلمىسە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلىدىن ئىنتىقام ئەسرىنى بايقىۋېلىپ، ئۆزىنى ئاسراشقا بولىدۇ. ئەمما، نادان دوست كىشىگە ھەرقانچە مەدەت بەرگەندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچقانچە پايدا ھاسىل بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ ناقىس تەدبىرى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىلەن كىشىنى خەتەرگە گىرىپتار قىلىدۇ.

## 247

ھەر كىشىدە مۇنۇ ئالتە خىسلەت بولسا ئۇنىڭ دوستلۇقىدا قۇسۇر يوق بولىدۇ: ئەۋۋىلى شۇكى، ئەگەر دوستىنىڭ ئەيىبىنى بىلسە ئۇنى كىشىگە ئىزھار قىلماسلىق كېرەك. ئىككىنچىسى، دوستىنىڭ ھۆنىرىنى كۆرسە بىرىنى ئون قىلىپ ئېيتىش كېرەك. ئۈچىنچىسى، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولسا مىننەت قىلماسلىق ۋە نەزىرىدە تۇتماسلىق كېرەك. تۆتىنچىسى، ئۇنىڭدىن مەنپەئەت كۆرسە ئۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. بەشىنچىسى، ئەگەر ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئۆزى تەرەپكە بىرەر خاتالىق يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنى كۆڭلىگە ئالماسلىق ۋە ئەپۇ قىلىش كېرەك. ئالتىنچىسى، ئەگەر ئۆزرە قويسا قوبۇل قىلىش كېرەك. ئەگەر كىشى بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىسا مۇتلەق دوستقا يارىمايدۇ. ئۇنىڭغا دوست بولغان كىشى ئاخىر پۇشايمانغا قالىدۇ. زامان ئەھلى ئارىسىدىكى خالىس دوست خۇددى كىمياغا ئوخشايدۇ ۋە رىياسىز ئاشنا خۇددى ئەنقاغا ئوخشايدۇ.

## 248

ئۆيىنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە مەئىشەتنىڭ سەرەمجانلىقى خوتۇن بىلەن بولىدۇ. ئۇنى تاشلىماق ۋە ئۆزىنى ئۆزىگە ھېچ جۇپلۇكى ۋە تەڭلىكى بولمىغان كىشىنىڭ مۇھەببىتىگە باشلىماق ياخشىلىق ۋە ئەقىللىقلىق ئالامىتى ئەمەس.

## 249

ھەر كىشى مەككارلىق ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك سۈپىتى بىلەن شۆھرەت تاپسا، ھېچ كىشى ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن يولاشقىمۇ ئۇنىمايدۇ ۋە ئۇنداق بىۋاپالىق ھەم ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش نامى بىلەن ئاتالغان كىشىنى ھېچكىم خوشلىمايدۇ، بەلكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلماقنى ۋاجىپ دەپ بىلىدۇ.

## 250

ئاغرىقلىق بولماقتىن ئاغرىق بولماق ئاسان.

## 251

ھەرقانداق نەرسە قولدىن كەتسە، تىرىشش بىلەن يەنە قولغا كەلمەيدۇ ھەم ئۇنىڭغا يېگەن ھەسرەت ـ پۇشايمانلار پايدا بەرمەيدۇ.

## 252

ھەرقانداق كىشى ئىشنىڭ بىناسىنى سەۋر ۋە چىدام ئۈستىگە قويمىسا، مۇھىم ئىشلىرىنىڭ داۋامىنى ئېغىرلىق ۋە ياۋاشلىق بىلەن مۇستەھكەملىمىسە، ئەمەلىنىڭ ئاخىرى مالامەتكە بېرىپ توختايدۇ، ئەھۋالىنىڭ ئاقىۋىتىدە ھەسرەت ـ نادامەتنى تارتىدۇ.

## 253

ئالدىراڭغۇلۇق ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سۈپىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن كېلىپ چىققان بىر ئىشتۇر.

## 254

ئالىدىغان خوتۇنۇڭ «ۋەدۇد، ۋەلۇد ۋە سالىھ بولسۇن». «ۋەدۇد» دېگىنىم، ئەرگە مېھرىبان، ئامراق بولسۇن دېگىنىم، «ۋەلۇد» دېگىنىم تۇغىدىغان بولسۇن دېگىنىم، «سالىھ» دېگىنىم نىيىتى توغرا، خىيانەتتىن يىراق بولسۇن دېگىنىم. بۇنداق خوتۇن ھەرقانداق ئۆيگە كىرسە روشەنلىك ئۈستىگە روشەنلىك بولىدۇ.

## 255

ئۈچ تائىپە خوتۇندىن ئۆزۈڭنى تارتىشىڭ كېرەك. ئۇلار شۇكى، ھەننانە، مەننانە، ئەننانە. «ھەننانە» دېگىنىم سەن ئېلىشتىن بۇرۇن ئەرگە تەگكەن بولۇپ، ئۇ ئېرىدىن تالاق ياكى ئۆلۈم سەۋەبى بىلەن ئاجراشقانلار، ئۇلار ھەمىشە ئاۋۋالقى ئېرىنى يادلاپ يۈرىدۇ؛ ساڭا كۆڭۈل

بەرمەيدۇ. «مەننامە» دېگىنىم باي خوتۇنلار، ئۇلار ھەمىشە ئۆزىنىڭ مال ـ پۇلى بىلەن ساڭا مىننەت قىلىدۇ. «ئەننامە» دېگىنىم ھىيلىگەر، ھالدان خوتۇنلار. ئۇلار ھەمىشە ھېچقانداق كېسىلى بولمىسىمۇ سېنى كۆرسە خۇددى ئاغرىق كىشىدەك ۋاي سالىدۇ. بۇنداق خوتۇنلارنىڭ دىدارىغا قاراش كىشى ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەردۇر.

## 256

يېشى چوڭىيىپ قالغان قېرى خوتۇننىڭ چىرايىغا قاراۋەرسە كىشىنىڭ رەڭگىرويىنى كەتكۈزىدۇ. كىشىگە زەئىپلىك ۋە سۇسلۇق كەلتۈرىدۇ.

## 257

چىرايى سەترەك بولسىمۇ، خانىمانىنى روناق تاپتۇرالايدىغان ۋە مېھرىبان يار بولغان خوتۇن ئەڭ گۈزەل خوتۇندۇر.

## 258

ئەقىللىق كىشىلەر ئىش بىناسىنى خىيال ئاساسىغا قۇرماسلىقى ھەم ۋەسۋەسە ئىسىملىك خام ئەندىشىلەرگە كۆڭلىدىن يول بەرمەسلىكى كېرەك.

## 259

بۇ زامان خەلقىنىڭ ئاشنالىق ۋە بىگانىلىكلىرى پادىشاھنىڭ يېقىنچىلىق ۋە گۈزەللەرنىڭ جامالى، ياشلارنىڭ ئاۋازى ھەم خوتۇنلارنىڭ ۋاپاسى قاتارىغا كىرىدۇ. شۇنداقلا، دېۋانىلەرنىڭ ئىلتىپاتى، مەستلەرنىڭ ساخاۋىتى، ئاسىيلارنىڭ ئېتىقادىمۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىمىغا ئوخشاش بولۇپ، بۇلارنىڭ ھېچ بىرىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ.

## 260

ھەركىشى ئەگەر ۋاپا رىشتىسىنى قولدىن بەرسە، ئوقۇبەت

كىشىنىڭ پۇتىغا سالغان بولىدۇ ۋە جېنىنىڭ بويىنىنى بالا بويۇنتۇرۇقىغا ئالغان بولىدۇ.

261

بىۋاپالىقنىڭ ئاقىۋىتى شۇملۇق ۋە خارلىقتۇر. يالغان قەسەم قىلماق ئۆمۈرنىڭ راۋاجىنى ۋەيران قىلىدۇ ۋە ۋەدىگە تۇرماسلىق تىرىكلىكنىڭ ئىمارىتىنى يىقىتىدۇ.

262

ھەرقانداق مۇھەببەت بىر غەرەز بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ غەرەز ئارىدىن كەتسە ئۇ مۇھەببەتمۇ كېتىدۇ ـ دە، ئەسلىدىكى ئاداۋەت يەنە ئورنىغا كېلىدۇ. بۇمۇ خۇددى قازانغا سۇ قۇيۇپ، ئوتقا قويسا سۇ ئىسسىيدىغان بولسىمۇ ئىسسىق سۇنى ئوتتىن ئېلىپ قويۇپ قويسا، يەنە ئاۋۋالقى سوغۇقلۇققا يانغاندەك بىر ئىش.

263

سىنىغاننى سىنىماق ھەردەم نادامەت كەلتۈرەر.

264

ئازارلانغان كىشى ھەرقانچە كۆڭۈل ئىززەتلەپ مەرھەمەتلەرنى كۆرسەتسىمۇ، ھەرقانچە ئىززەت ـ ئىكرام قىلسىمۇ ئۇنىڭغا ئالدانماسلىق، بەلكى بەتگۇمان بولۇپ يىراقراق قاچماق پەرزدۇر.

265

ھەر كىم سۇسلۇق قىلسا پايدىسى زىيانغا ئايلىنىدۇ.

266

ئۈچ خىل كىشى ھېكمەت رەۋىشىدىن يىراق ۋە ئەقىل يولىدىن



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

تاشقىرىدۇر. بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپ، ھەرقانداق بالا كەلسە قارشى كېتىۋېرىدىغانلار، بۇنداق كىشىلەر ئاقىۋەت ئۆزىنى ھالاكەتكە سالىدۇ؛ ئىككىنچىسى، تائام ۋە شارابنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك مىقدارىنى بىلمەيدىغانلار ۋە مەيدىسىنىڭ ھەزىم قىلىشقا ئاجىز كېلىشىدىن قورقماي يەۋېرىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، بۇنداق كىشىلەر ئۆز جېنىنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۈچىنچىسى، ئاداۋەت ئەھلىنىڭ سۆزىگە مەغرۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىرىگە ئالدانغانلار، بۇنداق كىشىنىڭ ئىشى ئاخىر ھەسرەت ـ نادامەت ۋە پۇشايمان كەلتۈرىدۇ.

## 267

ھەرقانداق كىشى مۇنۇ بەش خىسلەتنى ئۆمۈرنىڭ سەرمايىسى ۋە يول جابدۇقى قىلسا، ھەر قەيەرگە بارسا غەرىبزى ھاسىل بولىدۇ ۋە ئۆزىگە ھەمسۆھبەت تېپىپ ئىززەتلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى، بەتقىلىقتىن يىراق بولماق؛ ئىككىنچىسى، ياخشى ئىش قىلىدىغان بولماق؛ ئۈچىنچىسى، تۆھمەت قىلىدىغان ۋە رىيا قىلىدىغان ئىشلاردىن پەرھىز قىلماق؛ تۆتىنچىسى، ياخشى خۇيلۇق بولماق؛ بەشىنچىسى، ھەممە ۋاقىتتا ئەل بىلەن ياخشى چىقىشماق ۋە ئەدەپ ساقلىماق. بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىگە جەم قىلغان كىشى ھېچقانداق جايدا غېرىب بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى غېرىبلىقنى يەرلىككە ئالماشتۇرىدۇ. ئەقىللىق كىشى ئەگەر ئۆز يۇرتىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن خاتىرجەم بولالمىسا، ئۇلاردىن ئايرىلىپ سەپەر قىلىشى كېرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بەدەل تېپىلىسىمۇ ئۆز زاتىغا بەدەل تېپىلمايدۇ.

## 268

نەپ ئالغىلى بولمايدىغان مال ماللارنىڭ ئەڭ ئوسالىرىدۇر. پۇقرالارنى باشقۇرۇشتا بىپەرۋالىق قىلىدىغان پادىشاھلار پادىشاھلارنىڭ غاپىلراقىدۇر. زۆرۈرىيەت ۋە قىيىنچىلىق بېغىدا دوستىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر دوستلارنىڭ پەس ۋە يامانراقىدۇر. ئۆز

ئېرىنى ياخشى كۆرمەيدىغان خوتۇن خوتۇنلارنىڭ ئەسكىراقىدۇر. ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشتىن بويۇن تارتىدىغان پەرزەنت پەرزەنتلەرنىڭ يامانراقىدۇر. ئەمىنلىك ۋە ئەرزانچىلىق بولمىغان شەھەر شەھەرلەرنىڭ ۋەيرانراقىدۇر. سۆھبەتلەشكۈچىلەرنىڭ كۆڭلى ساپ بولمىغان ئولتۇرۇش سۆھبەتلەرنىڭ ناخۇشراقىدۇر.

## 269

بىر ئادەمنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئۇنىڭ ئۆز ئاچچىقىنى باسالىشى بىلەن بىلسە بولىدۇ.

## 270

ئاچچىقنى يۇتماق دېگەنلىك ئوقۇبەت قىلىشقا ھەرىكەت قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر. ئەپۇ دېگەنلىك مالاللىق ئەسىرىنى كۆڭلىدىن تامامەن چىقىرىۋېتىش دېگەنلىكتۇر. ياخشى ئىش دېگەنلىك گۇناھىنى ئەپۇ قىلغان دوستىغا يەنە بۇرۇنقىدەكلا مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر.

## 271

مەرد ۋە ئەقىللىق كىشى ئۆز ھىممىتىنى ئاخىرەت ساۋابىنى جەم قىلىشقا سەرپ ئېتىشى كېرەك. ئۇ خەيرلىك ئىشلار ۋە سەدىقاتلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەقىللىق كىشى ئۆز كۆڭلىنى باقىي دۆلەت ۋە جەننەت نېمىتىگە قويۇشى كېرەك. بۇ مەقسەت بولسا دۇنيانى تەرك ئېتىش بىلەن قولغا كېلىدۇ.

## 272

خاتىرجەم ۋە پاراغەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاز ئۆمۈر قورقۇنچ ۋە ئەندىشە بىلەن كەچۈرگەن ناھايىتى كۆپ ھاياتتىن ياخشىراق بولۇشى مۇقەررەر.

## 273

كىشىنىڭ سىياسىتى قاتتىق بولسا سەردارلىقى ئۇزاق داۋام

قىلىدۇ. ئەگەر كىشى سىياسەت تىغىنى ئىنتىقام غىلاپىدىن چىقارسا، پىتنە ئوقىنى ھىمايەت قالقىنى بىلەن ئارقىغا ياندۇرالمايدۇ. ئەگەر كىشى قەھرى كەتمىنى بىلەن زۇلۇم ئوتلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلمىسا، ئامانلىق كۆچىتىنى زامان گۈلشەنىدە ئۇندۇرەلمەيدۇ.

## 274

سەككىز نەرسە سەككىز نەرسىگە باغلىق بولىدۇ. ئۇلار مۇنۇلار: خوتۇننىڭ ئىززىتى ئەر بىلەن ، بالىنىڭ ئىززىتى ئاتا بىلەن، شاگىرتلارنىڭ ئەقلى ـ ھوشى ئۇستاز بىلەن، لەشكەرنىڭ قۇۋۋىتى سەردار بىلەن، زاھىتلارنىڭ كارامىتى تەقۋادارلىق بىلەن، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەملىكى پادىشاھ بىلەن، پادىشاھلىق ئىشىنىڭ نىزامى ئادىللىق بىلەن، ئادىللىقنىڭ روناق تېپىشى ئەقىل ۋە ھوشيارلىق بىلەن باغلىق بولىدۇ.

## 275

ئادەم ئۆزىدىكى جەۋھەر بولغان ئەقلىنىڭ ساپلىقى بىلەن ئەزىزدۇر.

## 276

دۈشمەن ئۈستىدىن قۇدرەت تاپماق كاتتا نېمەتتۇر. ئۇنىڭ شۈكرانىسى بولسا ئەپۇدىن بۆلەك نەرسە ئادا تاپمايدۇ.

## 277

ھەرقانداق پادىشاھ تۆھمەتخورلارنىڭ ۋە چېقىمچىلارنىڭ سۆزىنى ئويلاپ باقمايلا ئاڭلايدىغان بولسا، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولماق جان بىلەن ئويناشقانلىق بولىدۇ. جان بىلەن ئوينىشىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. چۈنكى، ھەر كۈنى بۇ تەنگە يېڭىدىن جان كىرىپ تۇرمايدۇ ـ دە!

## 278

پەزىلەت ۋە دانىشمەنلىك گۈلى ھەسەت تىكىنىسىز بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 279

نادانلارنىڭ ھىيلىسى دانالارنىڭ پەزىلىتى ئالدىدا خۇددى قۇياش نۇرى ئالدىدا يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقلۇقى يوقالغاندەكلا نابۇت بولىدۇ ۋە ھەمىشە خار - زارلىق ئورنىدا تۇرىدۇ.

## 280

پەقەت جاھىل كىشىلەرلا باشقىلارنى ئىزاغا قويىدۇ ۋە زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. چۈنكى، بۇ كىشىلەر ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى، پايدا ۋە زىياننى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئۇلار ئازغۇنلۇق باياۋىنىدا سەرگەردان بولۇپ، ئۆز ئىشىنىڭ ئاخىرىدىن غاپىل قالىدۇ - دە، ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە كۆزى يەتمەيدۇ، ھەقىقىي مۇكاپات ۋە جازاغا ئەقلى يەتمەيدۇ. ئەمما، ئەقلىنىڭ كۆزىگە تەۋپىق سۈرمىسى تارتىلىپ روشەن قىلىنغان، كۆڭۈل چىمەنىدە ئىنايەت گۈللىرىدىن گۈلشەن بەرپا قىلىنىپ خۇش پۇراق بولغان كىشىلەر بولسا، ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن ھەرقانداق نەرسىنى باشقىلارغا راۋا كۆرمەيدۇ، ئۆزى خالىمىغاننى باشقىلارغا تاڭمايدۇ. شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، بىرەر يامانلىق قىلغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ ھازىرچە جازاغا ئۇچرىمىغانلىقى بىلەن مەغرۇر بولمىسۇن، ئۇ ئاقىۋەت جازاغا ئۇچرايدۇ. تەڭرى ئۇنداقلارغا بىر مەھەل زامان بەرسىمۇ، ئاقىۋەت ئامان بەرمەيدۇ. كىشى ھەرقانداق ئۇرۇقنى ئەمەل يېرىدە تېرىيدۇ ۋە ئاقىۋەت ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يىغىدۇ. شۇڭا، ياخشىلىق تىلىگەنلەر ياخشىلىق ئۇرۇقىدىن باشقىنى تېرىماسلىقى كېرەك.

## 281

ھەر كىشى ئەقىل گۈلزارىدىن بۇي ئالغان بولسا، ئازار ئۇرۇقىنى تېرىغان كىشىنىڭ زەرەردىن باشقا ھوسۇل ئالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ؛ مەنپەئەت دەرىخىنى تىككەن كىشى راھەت مېۋىسىنى يەيدۇ. بۇ جاھان بىر مۇكاپات يېرىدۇر، ئۇ بىر تاغقا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ياخشى ياكى يامان سۆز قىلساڭ ئۇنىڭ ئەكس ساداسىدا يەنە شۇنى ئاڭلايسەن.

## 282

ئازار بەرگۈچى ھېچقاچان راھەت يۈزىنى كۆرمەيدۇ. زالىم ھەرگىز مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، زالىمنىڭ تەدبىر ياسىدىن ئېتىلغان ئوق ھېچقاچان مەقسەت نىشانىغا تەگمەيدۇ.

## 283

جىسمانىي ھالاۋەت بىلەن روھىي ھەقىقەتنىڭ لەززىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

## 284

ئەگەر ھەر كىشى ئۆز ھۈنىرىنى تاشلاپ، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولمىغان ئىشنى باشلىسا، ئەلۋەتتە ھەيرانلىقتا قالىدۇ، ئۇ يولدىن مەنزىلىگە يېتەلمەيدۇ؛ بۇرۇنقى يۈرگەن يولىغىمۇ يېنىپ كېلەلمەيدۇ. يەنى، ئالدىغىمۇ باسالمايدۇ، كەينىگىمۇ يانالمايدۇ. شۇڭا، ئاقىللار ئۆز يولىدا مەزمۇت قەدەم بىلەن مېڭىشى، ئارزۇ ـ ھەۋەس بىلەن باشقا شاخقا قول ئۇزارتماسلىقى، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن زىيان كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆپ نەپ ۋە ياخشى نەتىجە بېرىدىغان ئىشلارنى ئاسانلىق بىلەن قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. ھەركىشى قايسى ھۈنەردىن رىزقى تاپقان بولسا، ئۇنى تاشلىماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بۇ پەرىشانلىق ۋە سەرگەردانلىقتىن نىجات تېپىشنىڭ يولىدۇر.

## 285

ھېرىسنىڭ ئاقىۋىتى شۇملۇقتۇر، ھەرقانداق كىشى قانائەتلىك بولسا، ئۇنى دەۋران پادىشاھى دەپ بىلمەك كېرەك، ھېرىسمەن بولغان ئادەملەرنى بولسا زاماندىكى قارا يۈزلەر دەپ چۈشەنمەك كېرەك.

## 286

ھەر كىشىگە ئۆز ھالىغا تۇشلۇق مەرھەمەت قىلىش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

## 287

ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەت چېكىش ۋە ئالىملارغا خىزمەت قىلىشتىن كىشىگە ناھايىتى كۆپ پايدا ـ مەنپەئەت ۋە بەرىكەت ھاسىل بولغۇسىدۇر.

## 288

ئەجدادىنىڭ نادانلىقلىرىغا تەقلىد قىلغۇچىلار ھېچقاچان گۇمان باياۋانىدىن چىقىپ، ھەقىقەت مەنزىلىگە يېتىپ بارالمايدۇ.

## 289

نادان كىشىلەر ھەمىشە ئۆزىنى چوڭلار ۋە بىلىملىك كىشىلەر بىلەن باراۋەر كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى خۇددى ئارغىماقنىڭ قېشىغا كېلىپ قالسا ئۇنىڭ بىلەن چېپىشقۇسى كېلىدىغان توكۇر ئېشەككە ئوخشايدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلار چېپىشىپ قالىدىغان بولسا، ئېشەك ئارغىماقنىڭ ئاستىدىن چىققان چاڭغىمۇ يېتىشەلمەيدۇ.

## 290

ئەگەر ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ـ تاپاۋەت يوقالسا، نادانلار ساۋاتلىقلارنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇشسا، ساۋاتلىقلار ئۆزىنى ئالىملار بىلەن سېلىشتۇرۇپ لاپ ئۇرۇشسا، نەتىجىدە پادىشاھنىڭ شان ـ شەۋكىتى سۇنىدۇ، مەملىكەتكە خەۋپ يېتىدۇ.

## 291

بىلگىنكى، پادىشاھنى ئۇلۇغ ۋە ھەيۋەتلىك كۆرسىتىدىغان، پۇقرالارمۇ پادىشاھتىن خۇشال بولىدىغان سۈپەت ياۋاشلىق ۋە خۇشخۇيلۇقتۇر.

## 292

غەزەپنى تەرك ئەتمەك ھەممە ياخشى خۇيلارنىڭ ئاتىسى،

ئاچچىقلانماق بارلىق يامان خۇيلارنىڭ ئانىسى.

293

ئانچە - مۇنچە كايىپ قويۇش مۇھەببەت بىناسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

294

بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ دۆلەت - سائادىتىگە سەۋەب بولىدىغان سۆپەت ئاچچىقنى يۇتماق ۋە سەۋر قىلماقتۇر.